نۇرمۇھەممەت ئايۇپ قۇربانى

# توختى كاككۇل



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

نۇرمۇھەممەت ئايۇپ قۇربانى

# توختى كاككۇك

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: زەينەپ مۇسا
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلىيار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# توختى كاككۇك

ئاپتورى: نۇرمۇھەممەت ئايۇپ قۇربانى

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جۇڭتۇ باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 787×1092مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 4.25
2006 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 5345 — 0
سانى: 1—3000
باھاسى: 5.50 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە

ساپايى (پوۋېست) ........................................ 1

## ھېكايىلەر

ھەرە غوۋغاسى ........................................ 47
سالامگۈل ........................................ 59
ھاشىم دەمدەر ........................................ 79
توختى كاككۇك ........................................ 103
بېخىل ........................................ 124
قويلار مەرەيدۇ ........................................ 126
مۇشۇك سېتىۋېلىش ئېلانى ........................................ 128

# ساپايى

(پوۋېست)

## 1

مۇشۇ كۈنلەردە يانچۇقتا پۇلنىڭ تايىنى يوق، پۇل دەپ قول سوزىدىغان كىشى كۆپ. دەرۋەقە، يانچۇقتا پۇل بولمىسا دوختۇرخانىغا بارساڭ دورىنىڭ ياخشىسىنى ئالالمايسەن، باشقىلارنى خۇشمۇ قىلالمايسەن. ھەتتا بىر ئۆمۈر ئىبادەت قىلىپ خۇدادىن تىلىسەڭمۇ ئەجرىڭ بىلەن پۇل تاپمىساڭ ھەجگىمۇ بارالمايسەن.

مەن ئايىغى چىقمايدىغان خىياللار بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆيدىكى تەييار ناننى يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن. دەم ئېلىش ۋاقتى توشۇپ، ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرسام، بىرى ئىشىك تۈۋىدە ۋارقىراشقا باشلىدى.

— رەھمەت خانىم، رەھمەت، سەدىقە بالانى يەر، توۋا گۇناھنى... رەھمەت خانىم، رەھمەت...

مەن ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ بولغۇچە ئۇ تىلەمچى «رەھمەت خانىم» دېگىنىچە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ خۇددى مېنى ھاقارەتلەۋاتقاندەك، «رەھمەت خانىم» دېگەن سۆزلىرى نېرۋامغا قاتتىق تېگىۋاتاتتى. ئۇ مەندەك بېچىرىم بىر ئەركەكنى قاراپ تۇرۇپ «خانىم» دە-

ۋاتسا مەن ئاچچىقلانماي كىم ئاچچىقلانسۇن. مەن شۇ ھامان ئېغىزىمنى قويۇۋەتتىم:

— ھۇ قىزىل كۆز ئوغرى، خانىمىڭنى تېپىپ خانىم دە، مەن دېگەن ئەر كىشى!

تىلەمچىمۇ ئۆز خاتالىقىنى تۈزەتمەك بولغاندەك، «مەن كېتەي، يىگىت بالام...» دېگىنىچە ئارقىسىچە مېڭىپ ئى-شىكتىن چىقىپ كەتتى. ئىشىكنى قۇلۇپلاپ ئىش ئورنۇمغا يول ئالدىم. كېتىۋېتىپ بايىتىن ئۇچرىغان ھېلىقى پېشكەل-لىكنىڭ ۋەسۋەسىسىدە يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ قاپتى-مەن. بىر چاغدا بىرى مەيدەمگە «گۇپ» قىلىپ بىرنى ئۇسۇۋېلىپ، دەلدۈگۈنۈچە بېرىپ يولدا كېتىۋاتقان ئېشەك ھارۋىسىغا يۆلىنىپ قالدى. قارىسام، ئۇ «تېرەكباغلىق» دېھقان قۇتلۇق ئىكەن، ئۇ ھاراقنىڭ تەسىرىدىن بولسا كې-رەك، ئۆزىنى دەڭسىيەلمەي قالغانىدى. مەن ئۇنى تونۇغاچ-قا، ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ يولنىڭ بىر چېتىگە ئېلىپ چىقتىم.

— نېمانداق كۆپ ئىچىۋالدىڭ، تاس قالدىم تونۇيالماي قالغىلى؟!

ئۇ ماڭا گۆلەيدى:

— ماڭە ۋاي ساراڭ!... ھەممىڭ ساراڭ! مۇشۇ يولدا كېتىۋاتقان ھەممىڭ ساراڭ!...

ئۇ يەنە ئاچچىقلىنىشقا باشلىدى:

— ساراڭ بولمىساڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىر تىيىن پۇل يوق ھاراق ئىچمىسەم، بىرەرىڭ ئەجەب بۈگۈن ھاراق ئىچمەمسەن دېمىشمەيسەن، بۈگۈن ئازراق پۇل تېپىپ ئىككى رومكا ئىچسەم خۇددى سېنىڭ پۇلۇڭغا ئىچكەندەك خاپا بو-

لۇپ كېتىشىسىنا، ماڭا قارا، ھازىر ماڭىمۇ، ساڭىمۇ پۇل كېرەك. پۇل تاپىدىغان بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتتۇم، ئىككىمىز ھەمكارلىشامدۇق؟

— قانداق ئىش؟

— گېپىمنى بۆلمە، مەن گېپىمنى بۆلىدىغان ئادەمگە ئۆچ. مۇنداق ئىش، بۇنى بىر سودا دېسەكمۇ بولىدۇ. مەن يېقىندا بىر ھېكايە يازدىم، بۇنى ھېكايە دېگەندىن كۆرە ئۆزۈمنىڭ تەرجىمىھالىم دېسەممۇ بولىدۇ. شۇڭا مەن ئۇنى بىرەر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدۇرماقچى، بۇنىڭغا ياردىمىڭ بولمىسا بولمايدۇ، سەن ئانچە - مۇنچە بىرنېمە يازىسەنغۇ، تەھرىرلەر ئىچىدە چوقۇم تونۇشلىرىڭ بار، بىر ئامال قىلىپ بۇ ھېكايىنى ئېلان قىلدۇرۇپ بەر! ئەلۋەتتە، ھېكايىنىڭ ئاپتورى سەن بولىسەن، قەلەم ھەققى ماڭا بولىدۇ. مېنىڭ نام - ئاتاق بىلەن خۇشۇم يوق، بىلىسەن، ئادەمگە ئاتاق، ھاۋانغا سېمىزلىك ياراشمايدۇ، ئەگەر مېنى ئاتىقى يوق، بوزەك ئەتسەممۇ بولىدۇ دەپ قەلەم ھەققىنى بەرمىسەڭ، بەلكىم ئۇستۇڭدىن ئەرز قىلىپ بىراقلا ئاتىقىمنى چىقىرىشىم مۇمكىن.

ئۇ نېمە دەيدىغانلىقىمنى كۈتۈپمۇ تۇرماستىن يانچۇقىدىن بىرنەچچە ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى - دە، گۇللۇكتە يېتىپ خورەك تارتىشقا باشلىدى. ئىككىمىزنىڭ بىر يەردە تۇرغىنىنى كۆرۈپ خەقلەر مېنىمۇ «ھاراقكەش ئوخشايدۇ» دەپ قالمىسۇن دېگەن گۇمان ۋە خۇدۇكسىرەش ئىچىدە ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ، ئۆز يولۇمغا راۋان بولدۇم.

* * *

ئۇ ھېكايىنى مۇنداق باشلىغانىدى:

بۈگۈن كەنتىنىڭ نامرات ئائىلىلەرنى باھالاش كۈنى.
ئەگەر كىم نامرات ئائىلىلەر قاتارىغا كىرەلىسە ئۇ يەنە بىر-
نەچچە يىل ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىدارە - ئورگانلار-
نىڭ نۇقتىلىق يۆلەش ئوبيېكتى بولىدۇ.

بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ كۆۋرۈك بېشىغا يىغىل-
غان دېھقانلار بولسا مەھەللىمىزدىن بۇ يىللىق نامرات ئائىلە
بولىدىغانلارنى باھالاش ئىشىنى تالاش - تارتىش قىلىۋاتات-
تى. توۋا، ھەممە ئادەم بۇ قېتىمقى نامرات ئائىلىلەر قاتارىغا
كىرەلمەي ئاۋارە ئىدى. دېيىشىۋالغاندەك، ئۆزلىرىنىڭ نام-
راتلىقىنى بىر - بىرىدىن تەسىرلىك ھېكايىلار بىلەن سۆز-
لەپ، باھالىغۇچىلارنى قايىل قىلىشقا تىرىشاتتى. جامائەت-
نىڭ نامرات ئۆتۈۋاتقىنىغا نەچچە ئون يىل بولغان خەلىچە-
خان بىلەن خېلى ھاللىق دېھقان بولۇپ ئاتالغان سايىم كۆ-
تەكنىڭ ئۆزىنىڭ نامراتلىق ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ سۆزلىگەن
ھېكايىسىدىن تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىشى ھەممىمىزنى
ھەيران قالدۇردى. مەھەللىدە سۆزلىمىگەن بىرمۇ ئادەم قال-
مىدى، نۆۋەت بىزگە كەلگەندە ھەممەيلەن دادامنىڭ بىرنېمە
دېيىشىنى كۈتۈپ ئەتراپقا بويۇنداپ قاراشقا باشلىدى. دادام
ئاللىبۇرۇن ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوقتەك ئۆگزىگە چىقىۋې-
لىپ كۆزدە پاختىسى يىغىۋېلىنىپ، شادىلىرى تاشلاپ قو-
يۇلغان كېۋەز يېرىگە قاراپ ئولتۇراتتى.

راستىنى ئېيتسام، بىزنىڭ بۇ قېتىم نامرات ئائىلە
قاتارىغا كىرىش خىيالىمىزمۇ يوق ئەمەس ئىدى. چۈنكى،

بىزنىڭ ئۆيدە دادام، ئۇكام، مەن بولۇپ ئۈچ ئادەم ۋە كوپېراتسىيە بوزۇلغاندا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن بىر قارا ئېشىكىمىز بار بولۇپ، مەھەللىدىكىلەر بىزنى «ئەركەكلەر ئائىلىسى» دەپ ئاتىشاتتى.

مەن بالىنىڭ چوڭى تورۇقلۇق، ئانامنى بىلمەيتتىم. ئەقلىمگە كەلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە دادام ئۇكام بىلەن ماڭا ھەم ئانا، ھەم دادا بولۇپ بېقىپ كەلگەنىدى. دادام بىزنى باقىمەن دەپ تۈزۈك ئىشلىيەلمىگەنلىكتىن يىلسېرى قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەنىدى، ئەگەر يۇقىرىنىڭ رەھمى كې- لىپ، بۇ قەرزنى بىر چاغلاردا دېھقانلارنىڭ كوممۇنادىن ئېشىپ قالغان «ئۇماچ قەرزى» نى كۆتۈرۈۋەتكەندەك كۆتۈ- رۈۋەتسە، بىز ئۈچ كىشىنىڭ دۇمبىسىدىكى بىر تاغ غۇلىتى- ۋېتىلگەندەك چوڭ ئىش بولاتتى. شۇ ۋەجىدىن ھازىرغىچە دادامنىڭ قايتا ئۆيلىنەلمىگەنلىكىنى ئاز دەپ، ئىنىمنىڭ يېشىمۇ ئوتتۇزغا بېرىپ قالغان بولۇپ، ھەر ئىككىمىز بوي- تاق ئىدۇق. بىراق، ئەھۋال شۇنداق تورۇقلۇق بىزنىڭ ئائىلىنىڭ نامرات بولۇپ سايلىنىشىدىن ئۈمىد ئاز ئىدى. چۈنكى، بۇ قېتىمقى نامراتلىقنىڭ ئاساسلىق شەرتى كەنتكە قەرز بولماسلىق ئىدى. دادامنىڭ ئائىلىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن دەرد تۆكۈشىمۇ پەقەت بىر رەسمىيەت بولۇپ ھېسابلىناتتى. شۇڭا ھەممە ئادەم جىددىيلىشىشكە باشلىدى.

دادام ئۆگزىدىن چۈشكىلى ئۇنىماي، چەكسىز كەتكەن كېۋەز يېرىگە تىكىلىپ تۇراتتى. ئوسمان كاللەك ئۆزى بىلەن دادام ئوتتۇرىسىدا چاقچاق بارلىقىدىن پايدىلىنىپ:

— ھەي ئابدىكېرىم باي، ئۇنداق قىلماي پەسكە چۈش! — دېۋىدى دادامنىڭ يەنە جۇدۇنى تۇتتى.

— ھو، كاللەك، ئوقوپ قوي، ئۆز ئىشىمنىڭ ھۆددى-
سىدىن ئۆزۈم چىقالايمەن، ماڭا سالاچى كەتمەيدۇ.
دادام ئوسمان كاللەكنى ئەدەپلىگەچ پەسكە چۈشتى ۋە
ئىنىم بىلەن مېنى ئالدىغا سېلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى،
ئىشىكىمىز تاقالدى.
دادام قايتىپ كىرىپ بىزگە بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمى-
دى، سەھەردىلا ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ ئاشۇ پايانى يوق سالا
ئېتىزلارغا ئۇن - تىنسىز قاراپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان
ئىدى. پەقەت قاش قارايغاندا ئاندىن قايتىپ چۈشەتتى. بۇ
ئىش توپتوغرا ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. ھېلىقى كۈنى بىز
قايتىپ كىرگەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ كەتتىمىزگە بېرىل-
گەن بىرنەچچە نامراتلىق سانىنى تالىشىپ، ياقىلىشىپ سو-
قۇشۇپ كەتكىنى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى.
دادام بىر قاچا زاڭنى تۈگىتىپ يېدى - دە، ئېغىزىنى
قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ بىزگە گەپ قىلىشقا
باشلىدى:
— بالىلىرىم، بۇ قېتىمقى ئىش ماڭا تولىمۇ ھار كەل-
دى. ۋىجدانى يوق مۇناپىقلارنىڭ نامراتلىقنى تالىشىپ ياقى-
لىشىپ كېتىشى بۇ يۇرتنىڭ يامان ئاتىقىنى چىقىرىۋەتتى.
بۇ يۇرتتا ياشاۋەرسەك ئاخىر بىر كۈن بىزنىمۇ نەس باسىدۇ،
يۇقىرىدىنمۇ بىزنى بۇ تاغدىن كۆچۈپ كېتىڭلار دەيدىغۇ،
بالىلىرىم، بىز سىرتقا چىقالمايدىغانغا خوتۇن كىشى ئە-
مەس، ئەركەك بولغاندىكىن سىرتقا چىقىپ پۇل تاپايلى.
جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى، بىزمۇ يۇرت ئاتلاپ چىقىپ باقاي-
لى، ئوغلۇم، سەن ئېشەك ھارۋىسىنى ئاچىقىپ كۈنۈڭنى
ئەت، مەن بىلەن ئۇكاڭ بىرەر ئامالنى قىلارمىز...

تەقدىرگە باش قويدۇق. دادام مېنى خۇددى ئۇزاق بىر يەرگە ئۇزىتىدىغاندەك، نېمىلەرنى قىلىش، نېمىلەرنى قىلماسلىقتىن تارتىپ، ئاددىيسى شەھەرگە كىرگەندە قانداق سارايدا يېتىپ قوپۇشقىچە بولغان بىرمۇنچە نەسىھەتلىرىنى قۇلىقىمغا قۇيۇۋەتتى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتىم. مەن چۈش كۆرۈۋاتاتتىم.

چۈشۈمدە كەتتىنىڭ قەرز يىغقۇچىلىرى قەرز سۇيلەپ كەلگۇدەك، ئۇلار بىلەن قارشىلاشقۇدەكمەن. ئۇلار مېنى كۆتۈرۈپ بىر قۇدۇققا تاشلىغۇدەك، قۇدۇقنىڭ تەكتىگە ناھايىتى ئۇزاقتا چۈشكۇدەكمەن، قۇدۇق ئاستىغا بىر سائەتتە چۈشتۇممۇ ياكى بىر كۈندە چۈشتۇممۇ، ئىشقىلىپ، بىر زامانلاردا قۇدۇق ئاستىدىكى بىر كالىغا مىنىپ قالغۇدەكمەن ... مەن مىنگەن كالا ھېلىقى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان يەرنى ئىككى مۈڭگۈزى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان كالىمىش، ئۇ ماڭا قايرىلىپ سۆزلەرمىش...

— ھەي ئادەم، سەن بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟!

مەن بىر چىرقىراپلا ئويغىنىپ كەتتىم. قورقۇنچلۇقتا چىراغنىڭ شوينىسىنى ئاران تاپتىم ـ دە، چىراغنى ياندۇردۇم. تووۋا! بۇ نېمە كارامەت، دادامنىڭ ئېڭىكى قوشۇقلۇق، ئىككى پۇتى چېتىقلىق تۇرۇپتۇ، ئۇ ئۆلۈپ قالغاندى. ئۇكام بولسا ئۇنىڭ يېنىدا بەخىرامان ئۇخلاۋاتاتتى، مەن ئۇنى ئويغاتتىم، دادامنىڭ ئېڭىكىنى قوشۇپ، پۇتىنى چاتقان ئىش بىزگە بىر سىر بولۇپ قېلىۋەردى.

بىز كېچىچە يىغلاپ يۇرۇپ جامائەتكە خەۋەر قىلدۇق. بامدات نامىزىدىن كېيىن جامائەت دادامنىڭ نامىزىنى ئوقۇپ يەرلىكىدە قويۇشتى. ئۆز خىيالىمدا ئېشەك ھارۋىسىنى سې-

تىپ دادامنىڭ نەزىرسىنى بىرەي دېسەم، جامائەت «نەزىر دېگەن غېرىب ـ غۇرۋانىڭ ھەققى، ئۇنى بىزگە بېرىش جايىز ئەمەس» دەپ تۇرۋۇۋېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، نەزىر بەرمەيدىغان بولۇپ يۇتتۇشتۇق. شۇنىڭدىن بېرى، مەن چوشكىمۇ، قارا بېسىشقىمۇ ئوخشاشمايدىغان بىر خىل سەزگۈنىڭ ئىسكەنجىسىدە يۈرۈيدىغان بولۇپ قالدىم...

بۈگۈن مەن دادامنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۇكامنى دادامنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ ئۆيدە ئولتۇرۇشقا قالدۇرۇپ، هارۋىنى قوشۇپ شەھەرگە يول ئالدىم، چوڭ يولدا شەھەرگە ماڭغان دېھقانلار ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. يولغا چىقىپ ئۇزاق بولماي، هارۋىنىڭ يەڭگىل تەۋرىنىشى بىلەن كۆزۈم يەنە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. مەن يەنە چۈش كۆرۈشكە باشلاپتىمەن. مەن بىر يەرگە كەلگەندە قاتتىق سىلكىنگەندەك بولۇپ ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام، بىر موماي ئېشىكىمنىڭ باشبېغىنى تۇتقان پېتى ماڭا يېلىنىپ تۇرۇپتۇ.

— چىرايلىق بالام، مېنى هارۋاڭغا ئېلىۋالغىن. دۇئا قىلاي...

مەن مومايىنى هارۋىغا چىقىرىۋالدىم. موماي بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ، مومايىنىڭ شەھەرگە تىلەمچىلىك قىلغىلى كىرگەنلىكىنى، هەر كۈنى ئوتتۇز يۈەندىن ئەللىك يۈەنگىچە پۇل تاپىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم. مومايىنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، ئۇلار شەھەرگە كېلىپ مەخسۇس بىليارت ئويناش بىلەن، يولدىشى بولسا قارتا ئويناش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن، ئۇلارنى مۇشۇ موماي تىلەپ تاپقان نەرسىلەر بىلەن باقىدىكەن... موماي بىلەن پاراڭلاشقاچ شەھەرگىمۇ كىرىپ قالدىم. موماي شەھەر كوچىسىغا ئاز قالغاندا هارۋ-

دىن چۈشۈۋېلىپ، بىر ئەسكى تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. مەن موماي كەتكەن تەرەپكە قاراپ بىرهازا تۇرۇپ قاپتىمەن.

بىر چاغدا هارۋىنىڭ ئالدىغا ئىككى ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى. بويى پاكارراق قارامتۇل كەلگەن بىرى سوراشقا باشلىدى.

— قەيەرگە؟

— شەهەرگە.

— نېمە ئىشقا؟

— شەهەرگە كىرگەن ئادەم نېمىگە كىرىدۇ؟! ئايلىنىپ چىققىلى شۇ.

— ماۋۇ سەهرالىق كىراكەشنىڭ گېپىنى كۆرۈڭ، ئەمدى بۇ مايماق ئېشەكنى شەهەر كوچىسىدا هەيدەپ يۈرۈپ تاماشا قىلىدىغان نىيىتىڭگە يەتكۈزەيلى! يۈرە، هارۋاڭنى هەيدە!

مەن ئۇلارنىڭ كوچىلاردا كىراكەشلىك قىلىپ پۇل تاپىدىغان دېهقانلارنى باشقۇرغۇچىلار ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، شەهەرگە كىرىش مەقسىتىمدىن قەتئىي ياندىم.

ئۇلار هايت - هۇيت دېگۈچە مېنى باشقا هارۋىكەشلەر بىلەن قوشۇپ هەيدەپ ماڭدى. يىغىلغان يەتتە - سەككىز هارۋىنى بىر - بىرىگە چېتىپ شەهەرنى ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ، بىر ئارقا كوچىدىكى تۆمۈر دەرۋازىلىق خارابىلىككە ئەكىرىشتى. مەندىن بۇرۇن كىرگەنلەرنىڭ بەزىسى كىراكەش، بەزىسى ئوغۇت ئاچىققىلى كىرگەن دېهقانلار ۋە بەزىسى يېزىدىن شەهەرگە تۇغقان يوقلاپ كىرگەنلەر ئىكەن...

ئۇلار بىزنى سولىۋېلىپ ئەللىك يۈەندىن جەرىمانە ئال-

مىز دېدى. كېيىن بەش يۈەنچە جەرىمانە ئېلىپ چىقاردى. ئاخىرىدا مەن ئېششىپ قالدىم. چۈنكى، مېنىڭ بىكاردىن بىكار جەرىمانە تۆلەشكە ئاچچىقىم كەلدى...

— مەندىن نېمىشقا جەرىمانە ئالىسىلەر؟ — دەپ سورىدىم، ئۇلارنىڭ باشلىقى ماڭا گۆلىيىپ:

— كىراكەشلىك قىلغان تۇرساڭ جەرىمانە ئالماي، مۇكاپاتلىساق بولامتى، — دەپ ۋارقىرىدى، مەنمۇ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم.

— ئاكا، مەن راستتىنلا چارۋىنى كىرا قىلمىدىم.

— كىرا قىلمىساڭ ھېلىقى ئايال نېمەڭ ئەمىسە؟!

— ئۇ ئايال ھېچنېمەم ئەمەس، يولدا ئۇچراپ قالغاندى، ساۋاب بولار دەپ ئېلىۋالغان.

— ھەي، مۇشۇ كۈنلەردە سەن دېھقانلار «قەيەردە پۇل باركىن» دەپ چاشقان تۆشۈكىنىمۇ ئاختۇرۇشۇۋاتساڭ، ساۋاب ئىزدەپ بىر مومايىنى بىكاردىن - بىكارغا شەھەرگە ئەكىرەمسەن؟!

ئۇ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىگە قول شىلتىپ بۇيرۇق قىلدى:

— ئېشىكىنى چىقىرىپ بېرىپ هارۋىسىنى تۇتۇپ قېلىڭلار!

ئۇلار ئېشەكنىڭ تۆشتارتقۇلىرىنى چىقىرىپ، ئېشەكنى ئالدىمغا سېلىپ بەردى. ھارۋامنى بولسا بىر پاي چاقىنى چىقىرىپ بىر ئۆيگە ئەكىرىۋېتىپ ئۇزۇن زەنجىردە باغلاپ قويدى...

ئېشەكنى يېتىلەپ دادام رەھمەتلىك ئېيتىپ بەرگەن سارايىنى ئىزدەشكە باشلىدىم. بۇ توقۇناق بالا بىلەن بولۇپ

كۈنمۇ خېلى كەچ بولۇپ كەتكەنىدى. ئاسماندا تۇنجى يۇلتۇز-
مۇ كۆرۈندى. مەن ئاخىرى ئۇ سارايىنى تاپالماي كىچىك
ۋاقىتىمدا دادام بىلەن تىلەمچىلىك قىلغاندا يېتىپ - قوپىد-
غان زاراتگاھلىقتىكى كىچىك گۈمبەزنى قارارلاپ ماڭدىم.
زاراتگاھلىققا يېقىنلاشقانسېرى مەندىكى قورقۇنچ كۈچىيىش-
كە، يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى تېزلىشىشكە باشلىدى...

## 2

بۈگۈن ئىدارە پەشتىقىدىن چۈشۈۋاتسام قايسىبىر مەك-
تەپتە ئىشلەيدىغان ئىككى ئوقۇتقۇچى كۈسۈرلىشىۋاتقا-
نىكەن، مېنى كۆرۈپ توختىشىۋېلىشتى. ئارقىدىن مەن بىلەن
تولىمۇ خۇشخۇي سالاملاشقاندىن كېيىن ئۆتۈپ كېتىشىمگىلا
يەنە كۈسۈلدىشىپ قالدى. خۇدۇكسىرەش تۇيغۇسى بىلەن
خالىي يەرگە بېرىپ ئارقامغا قارىسام، ئۇلار مېنى كۆرسىد-
تىپ يانپېشىغا شاپىلاقلىغانچە كۈلۈشكىلى تۇرۇپتۇ. خۇ-
دۇكسىرىشىم ھەسسىلەپ ئاشتى. شۇ ئىشنىڭ تەسىرىمد-
كىن، يولدا كېتىۋېتىپ چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ
قاپتىمەن. بىر چاغدا بىرىنىڭ ئارقامدىن پالاقشىپ كەلگەن
شەپىسى ئاڭلىنىپ قالدى. خىيالىمدا «ھېلىقى ئىككى كىشى
قوغلاپ كەلگەن ئوخشايدۇ؟» دەپ تېخىمۇ تېز قېچىشقا باش-
لىدىم. چوڭ يولدىكى ماشىنىلارنىڭ قاتتىق تورمۇزلانغاند-
كى چىرقىراشلىرى پات - پات ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن يەنە
قاچاتتىم... بىر چاغدا بىرى يېتىشىۋېلىپ دولامنى تۇتتى،
قارىسام كىيىمى يا ساقچىنىڭكىگە، يا ھەربىينىڭكىگە ئوخ-
شاشمايدىغان بىرى تىلىنى ساڭگىلىتىپ ھاسىراپ تۇرۇپتۇ.

ئۇ بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن:
— يولداش، خاتا ماڭدىڭىز، ئۆز يولىڭىزغا چىقىڭ!
— بۇ ئۆزۈمنىڭ يولى بولماي سېنىڭ يولۇڭمىدى.
— يا... ياق... بۇ... بۇ... ماشىنا ماڭىدىغان يول، سىز پىيادە بولغاندىن كېيىن، ئەنە ئاۋۇ پىيادىلەر يولىدىن مې-ڭىڭ.

ئۇ ماڭا يولنىڭ چېتىدىكى ئوڭغۇل - دوڭغۇل تار بىر يولنى كۆرسىتىۋاتاتتى، ماڭا ئۇنىڭ قىلىۋاتقان سۆزى خاتا-دەك، قىلىۋاتقان ئىشى چاتاقتەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. «بىز-نىڭ بۇ يۇرتتا ماشىنىسى بارلاردىن ماشىنىسى يوقلار جىق تۇرسا، نېمىشقا يولنىڭ ئەڭ چوڭىنى ماشىنىلىقلارغا قالدۇ-رۇپ، كىچىككىنە بىر چېتىنى پىيادىلەرگە قالدۇرىدۇ» دې-گەن خىيال بىلەن كاللام قىزىشقا باشلىدى.

— ھەي، ئۇكا، خاتالىشىۋاتىسەن، ماۋۇ يولنى ياسى-غاندا مەن مانا مۇشۇنداق كەڭرى، ئازادە يولدا ماڭىمەنمى-كىن دەپ ئۆز رازىلىقىم بىلەن بىر ئايلىق ئىش ھەققىمنى ياردەم قىلغان جۇمۇ! ئەمدى قوپۇپ يولنىڭ بىر چېتىدىكى ئاشۇ كىچىككىنە ئېگىز - پەس يېرىنى بىز پىيادىلەرگە كۆرسىتىپ بەرسەڭ قانداق بولىدۇ، ھەممە ئادەمنى ماشىنا سېتىۋالسۇن دەمسەن - يا، ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۇكا، ھازىر ئىقتىسادىمىز ياخشى ئەمەس، ماشىنا ئېلىشقا قىستىساڭ ئادىل بولمايدۇ جۇمۇ!

كۆزەينىكىمنى ئېلىۋېتىپ ئۇ كىشىگە قارىسام، ئۇ كى-شى مېنى كۆرۈپ.
— ھۇي، ۋاخاپكامكەنغۇ بۇ... خاپا بولماڭ، ۋاخاپكا، سىزنىڭ كەيىپ بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى پەقەت ئۇقماپتىمەن.

قانداق، ماشىنا چاقىرىپ بېرەيمۇ…؟ — مەن ئۇ كىشىنى تونۇيالماي قالدىم، بىرھازادىن كېيىن بىزنىڭ ئىدارىدىن مۇشۇ يولنى باشقۇرۇشقا چىقىرىپ بەرگەن بىرى ئىكەنلىكىنى تەستە ئېسىمگە ئالالىدىم. مەن خىجالەتچىلىكتە ئۆزۈمنى قويغىلى يەر تاپالماي:

— بولدى، ھاجىتى يوق، — دېگىنىمچە يولنىڭ چېتىنى بويلاپ يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم. كېيىن ئۆزۈمنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىم ۋە سۆزۈمدىن ئۆزۈم ھەيران بولۇپ، راستتىنلا كاللامدا چاتاقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم ـ دە، بىر تال تاماكا چېكىپ كونتروللۇقۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئويلاپ ئاپتوبۇس كۈتۈدىغان لەمپە ئاستىدا ئولتۇردۇم. تاماكا چېكىپ بولۇپ ماڭاي دەپ تۇرسام، يىراقتا بىرىنىڭ ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى.

— توۋا! … بۇ ناخشا بىرەر ئۇنئالغۇ دۇكىنىدىن ئاڭلىنىۋاتامدۇ نېمە؟

مەن ھەيران بولۇپ ناخشا ئاڭلانغان تەرەپكە قارىسام، يەنە شۇ قۇتلۇق ئىكەن، توۋا، ئۇ قەيەرلەردە يۈرۈپ بۇنداق ناخشا ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالغاندۇ؟

ئۇ ناخشىــنى ئۇزۇن يىللىــق ئارتىســلاردەك راۋان ئوقۇيــتتى، كەينىگە نۇرغۇن كەپسىز باللار يىغىلىۋالغاندى… ئۇ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ناخشىنى باشلىۋەتتى

دەردى بارىۇ، دەردى بار،
ھاكىمنىڭمۇ دەردى بار.
شائجائىنىڭمۇ دەردى بار،
دېھقاننىڭمۇ دەردى بار.

بۇ جاھاننى ئىزلىسەڭ،
دەردى يوقلار نەدە بار.

ئۇ ناخشىسىنى توختاتتى. بىراق ئەتراپقا ئولاشقان كىشىلەر كېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. قۇتلۇق ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قولىنى جۇپلەپ، تېلېۋىزوردىكى ئېلانچىلاردەك ئاۋازىنى سەل سوزۇپ:

— ھۆرمەتلىك تاماشىبىنلار، بۈگۈنكى «مەدەنىيەتنى شەھەر كوچىلىرىغا قەدەر يەتكۈزۈش» ئويۇن قويۇش پائالىيىتى ئاخىرلاشتى. ئەگەر ئويۇنىمىزنى داۋاملىق كۆرگۈچىلەر بولسا، ئەتە چۈشتىن كېيىن تەنتەربىيە مەيدانىدىكى «چۇمۇلە» رېستورانىغا بارسا بولىدۇ. خەيرخوش، — دېيدى، ئەتراپقا ئولاشقانلار كۈلكە - چاقچاق بىلەن تارقىلىپ كېتىشتى. قۇتلۇق كۆپ ئىچمۇەتكەنىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، بىرنى كېكىرىۋېتىپ ماڭا سۆز ئاچتى:

— قانداق، يېڭى خىزمەت ئورنۇڭغا كۆنۈپ قالدىڭمۇ؟

— ھەئە، ئۆزۈڭ ئوبدان بولساڭ ئالەم سېنىڭ دەپتىكەن، ئۇ يەرگىمۇ كۆنۈپ قالدىم.

قۇتلۇق قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويۇپ:

— يوشۇرما، «مەن ياخشى كۆنۈپ قالدىم» دېگىنىڭ بىلەن باشقىلارمۇ سېنى «ياخشى» دېيىشى كېرەك. شۇڭا بۇ دورەم ساڭا يەنە بىر ياردەم قىلغۇم كەلدى. مانا بۇ ھېكايىنى ئېلان قىلدۇرۇپ ئازراق نام - ئاتاقغا ئېرىشىۋال.

ئۇ شۇنداق دەپ بىر پارچە قەغەزنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىن ئېلىپ ماڭا بېرىپ، ناخشىسىنى ئوقۇغاچ كېتىپ قالدى.

ئۇ بۇ قېتىمقى ھېكايىنى مۇنداق باشلىغانىدى:

مەن شۇ كۈنى ئېشىكىمنى يېتىلەپ قەبرىستانلىقتا كىرىپ كەلدىم. ئېشىكىم بىرنەچچە قەدەم ماڭە - ماڭماي خۇددى تۆت پۇتى لايغا پېتىپ قالغاندەك مىدىر قىلماي تۇرۇۋالدى. ئۇرۇپ - ئىتتىرىپ باقتىم، ئېشىكىمنىڭ ماڭمىغىنىنى كۆرۈپ، مەندىكى قورقۇنچ تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. توۋا، ئىلگىرى «ئېشەك - ئۇلاغ سىيەلمەس بولۇپ قالسا، زەرگەرنىڭ قەبرىسىنى ئايلاندۇرسا سىيىدۇ» دېگەن سۆزنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. راست دېگەندەك، ئېشىكىم بىردەم تىترىگەندىن كېيىن خۇددى يوغان قاپاقتىن سۇ قۇيغاندەك شارقىرىتىپ سىيىۋەتتى. بەلكىم، بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يېۋالغان زەرگەرنىڭ قەبرىسى بولسا كېرەك. مەن ئاخىرى قەبرىستانلىقتىن چىقىپ، دادام ئېيتىپ بەرگەن سارايغا بېرىپ قونۇپ قالدىم. ئۇ سارايدا مەن ياتقان يەردىن ئېشىكىم تۇرغان يەر مىڭ مەرتىۋە ئازادە ئىدى. سارايىنىڭ قىستاڭچىلىق ئۆيىدە باشقىلارنى تونۇمىساممۇ، ھەر ھالدا ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ ياتتىم. قۇلىقىمغا ئىككى كىشىنىڭ پارىڭى كىرىپ قالدى. ئۇلار ئاق ساراي دەمدۇ، ۋە ياكى سىرلىق خەزىنە بار تىلسىمات ماكانىنى دەمدۇ، ئىشقىلىپ، بىرنېمىلەر ئۈستىدە پاراڭ قىلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، مۇشۇ شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى پايانسىز قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان بىر يۇرت بارمىش. ئۇ يەردىكى تۆپتۈز كەتكەن سالا ئېتىزلار، مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن مېۋىزارلىق باغلار كۆزنىڭ يېغىنى يەرمىش. ئېتىز ۋە باغلارنىڭ

ئەتراپىدىكى قوۋم بارخانلىرىدىن بىر ئوچۇم قوۋمنى قولغا ئالسىلا، بۇ قوۋم ساپسېرىق كېپەك ئالتۇنغا ئايلىنارمىش، ئۇ يەرنى پەرىلەردەك بىر گۈزەل قىز باشقۇرارمىش. ئۇنىڭ قولىدا بىر ئادەم بىر كۈندە ئوتتۇز كويغا ئىشلەيدىكەن، يېپىشىگە پولۇ، لەغمەن، گۆش، كاۋاپ تولا ئىكەن... مەن ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بىزنىڭ يۇرتتىن چىقىپ كەتكەندىلەرنىمۇ شۇ «〈ئاق ساراي〉 دېگەن يەرگە كەتكەنمىدۇ؟» دېگەن خىيالغا كېلىپ قالدىم. «توغرا، مەنمۇ بىر بېرىپ باقمەيمەنمۇ؟! ئەته ئېشەكىمنى سېتىپ، پۇلنى كىرا قىلىپ، شۇ يەرگە بېرىپ ئىككى - ئۈچ يىل ئىشلەپ بىر خۇرجۇن پۇلنى يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىغا توككىدە قويسام كەنت مۇدىرلىقىنى بېرىۋەتسە، دېھقانلارنى بىراقلا ئالۋان - سېلىقلاردىن قۇتۇلدۇرۇۋەتسەم...»

مەن ئەنە شۇنداق گۈزەل خىياللار بىلەن قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەي قاپتىمەن. «توخۇ داڭگال چوشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال...» دېگەندەك ئاق سارايىنى خىيال قىلىپ يېتىپ ئاق سارايىنى چۈشەپ قاپتىمەن.

چۈشۈمدە ئېشەكىمگە مىنىپ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتىۋاتقۇدەكمەن. قۇملۇقتا بىر كۈن ماڭدىممۇ، ئىككى كۈن ماڭدىممۇ بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇلۇق. بۇ يەردە قۇياش پەقەت ئولتۇرمىغۇدەكمىش، قۇياش كۆيدۇرگۈچ نۇر چېچىپ تۇرغىنى بىلەن قەيەردە ئۇيقۇم كەلسە، شۇ يەردە ئۇخلاپ، ھېرىپ قالسام ئارام ئېلىپ كېتىۋاتىمەن. ھېسابلاپ باقسام توپتوغرا بەش قېتىم ئۇخلاپ، بەش قېتىم ئويغىنىپ يول يۈرۈپ مەن تۇرغان يۇرتنىڭ قارىسى پۈتۈنلەي يوقالغاندا مېنىڭمۇ، ئېشەكىمنىڭمۇ يەيدىغىنىمىز تۈگەپ

قالدى. مانا ئەمدى ئارقامغا يانسامموٴ، ئالدىمغا ماڭسامموٴ بولمايدۇ. قۇملۇقنىڭ مېنى يۇتۇپ كېتىشىدىن ئىبارەت چوڭ خەۋپ هامان مەۋجۇت. توۋا، ئۇلارنىڭ ئاق سارايى دېگىنى قەيەردە بولغىيتتى، مەن قەيەرگە كېلىپ قالدىم؟

كاللامدا نۇرغۇن ئايىغى چىقماس سوئاللار جاۋابسىز قالغان تېپىشماقتەك قۇترايتتى، ئەڭ ئاخىرقى يېمەكلىكنىڭ تۈگەپ قالغىنىغا سەككىز سائەت بولغانىدى. مانا، ئېشىدىكىمموٴ، مەنمۇ هالسىزلىنىپ تەڭلا يىقىلدۇق. قۇياش يەنىلا كۆك قەرىدە ۋالىلداپ تۇراتتى، قوقاستەك قىزىق قۇم تاپانىنى كۆيدۈرەتتى. قۇم ئۈستىدە ئالۋۇنلار يېلىنجايتتى، بېشىمدىن چۈشكەن شاكىراپ تەر كۆزۈمنى ئېچىشتۇراتتى. كۆزۈمنى ئۇۋۇلاپ ئاران - ئاران ئاچالايتتىم، كۆزۈمگە بەزىدە قەۋەت - قەۋەت بىنالار كۆرۈنۈپ، قەدىمىي شەهەرنى ئەسلەتەتتى. بىنالارنىڭ، خارابىلىكلەرنىڭ كېسەكلىرىمۇ، يەرلىرىمۇ ئاق ئىدى.

راست! ئاق سارايى! توۋا، مەن كۆرۈۋاتقان بۇ يەر راستتىنلا ئاق سارايى ئىدى. غايىبتىن كۈچ پەيدا بولۇپ قالغاندەك تېتىكلىشىپ يۈگۈرۈشكە باشلىدىم. بىر سائەت يۈگۈردۈممۇ، ئىككى سائەت يۈگۈردۈممۇ، بىر چاغدا يىقىلىپ چۈشۈپ ئورنۇمدىن تۇرسام ئۈستىمدە غايەت زور بىر مەخلۇق گۈركىرەۋېتىپتۇ. پەستە هېلىقى ئاق ئالۋۇنلار ئارىسىدا يەتتە - سەككىز كۆلەڭگە قىمىرلاپ مەن تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئۇلار بارغانسېرى ماڭا يېقىنلاشتى. باشلىرىغا قالپاق كىيىۋالغان، كۆزەينەك تاقىۋالغان، قوللىرىدا هاسا تۇتۇۋالغان تۆت موماي رىۋايەتلەردە تەسۋىرلىنىدىغان قېرى جەددەلدەك كۆرىنەتتى. قالغان ئۇچى قېرىلىقتا ئاشۇ موماي-

لاردىن قېلىشمايدىغان بوۋايلار بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئۆڭى سېرىق، كۆزى كۆك ئىدى. پەقەت بىرىلا ئوتتۇز ياشلاردىكى ياش يىگىت بولۇپ، مېنى كۆرۈش بىلەن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك قېشىمغا كەلدى. ئۇ ھالىمغا ئىچىندى بولغاي، مېنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ يېنىدىن بىر سۇداننى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى. سۇداندىكى سۇ بىلەن تەشنالىقىمنى قاندۇرۇۋالدىم. ئۇ ئۇيغۇرچىنى قەيەردىن ئۆگىنىۋالدىكى، مەندىن ئۇيغۇرچە گەپ سوراشقا باشلىدى.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— قەيەردىن كەلدىڭ؟

— قەيەرگە بارىسەن؟

ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ئالدىرىماي جاۋاب بېرىشكە باشلىدىم. ئۇ ئاق ساراي ھەققىدە بىلىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، بىرھازا تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ماڭا ئىچ ئاغرىتقاندەك قىلىپ سومكىسىدىن پىچىنە - پىرەنىك ئېلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار قايسىبىر دۆلەتتىن كەلگەن ساياھەتچىلەر بولۇپ، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ بۇ قۇملۇقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتمەكچى ئىكەن.

توۋا دەيمەن، مەن شۇ تاپتا مايماق ئېشىكىمگە مىنىپ ئاق سارايغا بېرىپ پۇل تېپىش ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرسام دېگەن ئۇمىدتە. بىراق، بىر ئوبدان ئايروپىلانى بار بۇ ئەجنەبىيلەر ئايروپىلاننى لەگلەكتەك ئۇچۇرۇپ قويۇپ ئۆزلىرى قۇملۇقتا پىيادە ماڭماقتا، خۇددى ئۆزلىرىنىڭ مەھەللىسىدەك ئەركىن، ئازادە كېتىۋاتماقتا. مەن بولسام بۇ مۇدھىش قۇملۇقتىن بالدۇرراق چىقىپ كېتىش نىيىتىدە «قەيەردە بىر تۇپ دەرەخ باردۇ؟» دېگەن ئۇمىدتە قولۇمنى سايىۋەن

قىلىپ يىراق - يىراقلارغا قارايمەن. ئىچىمدە قوملۇقنى قارغاپ تىللايمەن...

مەندە ھازىر ئايروپىلان ئەمەس، قىرلىقتا ئىغىزىدا چىشى قالمىغان قارا ئىشىكىمدىن باشقا ھېچنېمەم يوق. كېتىۋاتاتتۇق، بىر چاغدا ئىشىكىم ماڭغىلى ئۇنىماي يەرگە قىقىپ قويغاندەك تۇرۇۋالدى. ئۇ ھېرىپ قالغاندى. ئۇنىڭ-غا ئۇچىسىدىكى ئۇچلىقىمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى... ئىشىد-كىمنىڭ ئۇچلىقىنى ئېلىۋەتتىم، يەنىلا ماڭمىدىغاندەك ئە-مەس، ئەكسىچە، قىزىق قۇمغا موككىدە يېتىپ ئىغىناشقا باشلىدى. بىز ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ باقتۇق. ھەتتا يەردىن ئۇزۇپ كۆتۈرۈپمۇ باقتۇق. پۇتى دەسسەيدىغاندەك ئەمەس، خۇددى ئايروپىلانغا چىققۇسى كەلگەندەك، يەردە ياتسىمۇ كۆ-زى ئۇستىمىزدە ئۇچۇۋاتقان تىك ئۇچاردا ئىدى. ئىشەكنى ئورنىدىن تۇرغۇزالمىغاندىن كېيىن، ئۇلار ماڭا تەسەللى بېرىپ، ئىشەكنى مۇشۇ يەردە تاشلاپ قويۇپ كېتىشنى مەس-لىھەت بەردى. مەن ئۇزۇم ياخشى كۆرىدىغان ئەڭ ئامراق نەرسەم ياكى ئۇرۇق - تۇغقىنىمدىن ئايرىلىۋاتقاندەك كۆزۈم پەقەت قىيمايتتى. بىراق، بۇ ئىشەكنى مۇشۇ يەردە تاشلاپ قويمىساق، بۇ قوملۇقتىن چىقىپ كېتەلمەيتتۇق. كۆڭلۈم-گە ئىشىكىمنى بولسىمۇ ئايروپىلانغا چىقىرىۋېلىشنى ئېي-تىش خىيالى كەلگەن بولسىمۇ، ئىغىزىمدىن چىقىرىشقا پە-قەت جۈرئەت قىلالمىدىم. مېنىڭ يۈرىكىم دادامدىن مىراس قالغان قارا يورغا ئىشەكتە بولغان بىلەن يېنىمدىكى مۇنۇ كىشىلەرنىڭ يۈرىكى مەندە ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئىنساننى بۇ قوملۇقتا تاشلاپ كېتىشنى خىيالى-غا كەلتۈرمەيتتى. ئەكسىچە، ئادەم بار يۇرتقا ئاپىرىپ

قويۇشنى ئويلىشاتتى.

مەن ئاخىرى ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلدۇم. قارا
يورغىنى قۇملۇققا تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدۇق. بىرەر
كىلومېتىر يول يۈرگەندىن كېيىن «ئارقاڭغا قارا!» دېگەن-
دەك تۇيغۇ مېنى ئارقامغا قاراشقا مەجبۇر قىلدى.

توۋا! ئېشىكىم بار جايدىن غايەت زور بىر قۇش قاناتلى-
رىنى كېرىگىنىچە كۆتۈرۈلدى. بۇرۇن دادامدىن دۇلدۇلنىڭ
تۆت پۇتى بارمىش دەپ ئاڭلىغانىدىم، بۇ قۇشنىڭمۇ ئېشى-
كىمگە ئوخشاش تۆت پۇتى بار ئىدى، ئۇنىڭ غاقىلدىشى
ئېشەكىنىڭ ھاڭرىشىغا ئوخشاپمۇ قالاتتى. ئۇ قۇش بىزنىڭ
بېشىمىزدىن ئەگىپ ئۇچۇپ كەتتى. بىز يولىمىزنى داۋام-
لاشتۇردۇق. ئۇسسۇزلۇق ئازابى مېنى يەنە قىيناشقا باشلى-
دى. قۇملۇقتا قالغان قارا يورغا بارا - بارا ئۇنتۇلۇشقا
باشلىدى. بىز يەنە بىرەر كۈن ماڭساق بۇ قۇملۇقتىن چىقىپ
كېتەلەيتتۇق. تۇيۇقسىز ئايروپىلانغا چىقىپ بېقىش خىيالىغا
كېلىپ قالدىم. بىراق، ساپساق تۇرۇپ ئايروپىلانغا چىقىۋا-
لاي دېسەم، ئۇلار ئەسلا ئۇنىمايتتى. مەن ئاخىرى بىر چارە
ئويلاپ تاپتىم. كېتىۋېتىپ ئارقامغا دىرىڭگىدە ئۇچۇپ كەت-
تىم. ئۇلار مېنى يۆلەشتۇردى، سۇ ئىچكۈزدى، ھۆل لۆڭگە
بىلەن يۈز - كۆزۈمنى سۈرتتى، يۆلەپ ئورنىمدىن تۇرغۇز-
ماقچى بولۇشتى، شۇ تاپتا سەل - پەللا قىمىرلىسام، ئور-
نىمدىن تۇرۇپ كېتەتتىم. بىراق، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ
بېقىش ئىستىكى مېنى قىمىرلاتمىدى. كۆزۈم ئاشۇ قۇملۇقتا
قالغان ئېشىكىمدەك، ئۇستۇمدە گۈرۈلدەپ ئۇچۇپ كېلىۋات-
قان تىك ئۇچاردا ئىدى. بىراق، بۇ ئەجنەبىيلەرنىڭ خىيالى-
غا مېنى ئايروپىلانغا چىقىرىۋالىدىغان ئىش كىرىپ چىقمايت-

تى. ئاخىرى كۆنۈپ كەتكەن خۇيۇم بويىچە ئۆزۈم ئېغىز
ئاچتىم. ھېلىقى بىزنىڭ تىلىمىزنى بىلىدىغان بىرى مۈرى-
سىنى قىسىپ قويۇپ:
— كەچۈرسىز، بۇ تۇرمۇش ئاپروپىلانىمىز، بىزنىڭ
قائىدىمىز بار، يولدا قوشۇلغان ھەرقانداق كىشىنى ئايروپى-
لانغان چىقىرىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنىڭ
ھېچقانداق ئىسپاتىڭىز يوقكەن، ئەمدى سىزگە ھەمراھ
بولالمايمىز، — دەپ ماڭا بىر سۇدان سۇنى بېرىپ كېتىپ
قالدى. قۇملۇقتا يەنە يالغۇز قالدىم... كۈن يەنىلا كۆك
قەرىدە ۋالىلداپ تۇراتتى. بېشىم ئاغرىپ، كۆزلىرىمگە ئاچ-
چىق تەر كىرەتتى. سۇداندىكى سۇنىمۇ بىر كۆتۈرۈپلا ئىچى-
ۋەتتىم. ئەجنەبىيلەرنىڭ قارىسى يوقىلىۋېدى، ئورنىمدىن
تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدىم... توۋا قىلدىم! «تىلىسەڭ تاپار-
سەن» دېگەندەك ئەمدى پۇتلىرىم راستىنلا ھەرىكەتكە كەل-
مەيۋاتاتتى. ئەجەل يېقىنلاپ كەلگەندەك تۇيۇلۇشقا، يۈرى-
كىمنىڭ سوقۇشى بارغانسېرى تېزلىشىشكە باشلىدى.
تۇيۇقسىز ئۈستۈمدە بىر نەرسىنىڭ شەپىسى ئاڭلاندى.
كۆزۈمنى تەستە ئېچىپ قارىسام ھېلىقى غايەت زور قۇش
ماڭا قاراپ شۇڭغۇپ چۈشۈۋېتىپتۇ. «ياپىرىم، بۇ نېمە كارا-
مەت!» ھەيرانلىقتا ياقامنى تۇتۇشۇمغا ھېلىقى قۇش
پەسلەپ - پەسلەپ قولتۇقۇمدىن قاماللاپ يۇقىرى كۆتۈ-
رۈلدى.
راستىنلا ئاسماندا ئۇچۇۋاتاتتىم، بۇ قاناتلىق جانىۋار-
نىڭ پەيلىرى قۇشلارنىڭكىدەك يۇمشاق ئەمەس، بەلكى ئېشى-
كىمنىڭكىگە ئوخشاش تۈكلۈك ئىدى. ئۇچۇش تەسۋىرلىگۈ-
سىز راھەت ئىش ئىدى. كۆكتىكى غۇر - غۇر شامال مېنى

بىر دەمدىلا توڭدۇرۇپ جالاقلىتىۋەتتى. غەلىتە يېرى، بۇ قۇشنىڭ غاقىلدىشى يەنىلا قارا يورغىنىڭ ھاڭرىشىغا ئوخ- شاپ كېتەتتى. تەڭرىم بۇ جانىۋارغا مۇشۇنداق ئۇچىدىغان قانات، مەندەك چوپچوڭ ئادەمنى كۆتۈرىدىغان كۈچ ئاتا قىل- غان بولسىمۇ، ئۇ يەردىكى بىر تۇپ جىگدە دەرىخى تۇۋىدە چۆپ يەۋاتقان توشقاننى كۆرۈپ پەسكە شۇڭغۇدى. ئۇ شۇڭ- غۇغاچ مېنى قويۇۋەتتى. مەن پەسلەپ جىگدىنىڭ چاتمىقىغا ئىلىنىپ قالدىم. ھېلىقى قۇش بولسا توشقاننى قاماللاپ ئۇچۇپ كەتتى. قورقۇنچ ئىچىدە ۋارقىراپ كېتىپتىمەن...

بىر چاغدا مەن ياتقان ياتاقنىڭ چىرىغى ياندۇرۇلۇپ، مەن بىلەن بىر ئۆيدە ياتقانلارنىڭ ھەممىسى قايسىبىر ئايەتنى ئوقۇپ سۈپكۈچلەشكە باشلاپتۇ. ئۇلار كۆزۈمنى ئاچقىنىمنى كۆرۈپ سەل - پەل خۇشال بولغاندەك بولۇشتى. كۆرگەن چۈشۈمنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەرسەم، ئۇلار مېنى «قارا بېسى- ۋاپتۇ» دېگەن گۇمان بىلەن ياتقان يېرىمنى تازىلاپ بەردى. مەن چۈش بىلەن رېئاللىق ئارىسىدا قانداق ئۇخلاشنى بىلمەي تاڭ ئاتقۇزۇۋەتتىم. ئەمدى ئاشۇ بىر چۈش بىلەن ئاق سارايغا بېرىش ئويۇمدىن يېنىۋالدىم. چۈنكى، كۆرگەن چۈشۈم ماڭا ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرمەيۋاتاتتى.

### 3

مۇشۇ كۈنلەردە قەيەرگە قارىسىڭىز تىلەمچى كۆرىسىز، ئۇلارنىڭ بەزىسى ياش، بەزىسى قېرى، بەزىسى كىچىك، ئۇلار ئارىسىدا يەنى ماغدۇرىدىن كەتكەن ئاجىزلارمۇ، قامەت- لىك كۈچتۈڭگۈرلەرمۇ بار. ئىككى ئادەم بىر يەرگە كې-

لىپ، گەپ باشلىشىڭىزغىلا ئۇلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىپ، قول ئۇزىتىپ سىزنى بىزار قىلىدۇ…

بۈگۈن ئىشقا بەش - ئون مىنۇت بالدۇر كېلىپ، گىمناستىكا باشلىنىشتىن بۇرۇن خىزمەتداشلار بىلەن ئەمدى ئەھۋاللىشىپ تۇرىشىمىزغا خۇددى نەچچە ئون ساپايىنى تەڭ سوققاندەك، جالدۇر - جالدۇر ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىز ساپايى ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە قارىدۇق. ئۇچىسىغا باج- گىرنىڭكىگىمۇ، بازار باشقۇرغۇچىنىڭكىگىمۇ ئوخشىمايدى- غان بىر خىل كىيىم كىيىۋالغان، گالىستۇك چىگىۋالغان، كۆزەينەك تاقىۋالغان، بىر پۇتىغا ساپما كەش، بىر پۇتىغا رېزىنكە كالاچ كىيىۋالغان بىرى ساپايى چالغاچ بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ باشقا تىلەمچىلەرگە ئوخشاش، پۇل تىلەيدىغان ئىلتىجالىق سۆزلەرنىمۇ قىلمايتتى، بىرەر ھۆكـمەت ياكى ئايـەت دېگەلەرنـىمۇ ئوقۇمايـتتى. «ئانامدا بار دېگەننىڭ كۆتىگە ماۋۇ مۇڭگۈز! دادامدا بار دېگەننىڭ كۆتىگە ماۋۇ مۇڭگۈز! ئاكامدا بار دېگەننىڭ كۆتىگە ماۋۇ مۇڭگۈز!…» دېگەن قاپىيىلىك سۆزلەرنىلا تەكرارلايتتى. ئۇ كىشى بىزگە يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ كۆزۈمگە ئىشەن- مەيلا قالدىم.

«بۇ نېمە كارامەت؟ بۇ دائىم ماڭا ھېكايە يېزىپ بېرىدى- غان قۇتلۇققۇ. بۇ مەست قەيەرلەردە يۈرۈپ بۇنداق ئۇستا ساپايىچى بولۇپ قالغاندۇ؟»

قۇتلۇق ئۇتتۇر مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ھېلىقى سۆزلەر- نى خېلى ئۇزاققىچە تەكرارلىدى. ئاندىن تەر پۇراپ تۇرغان ئىشتىنىنىڭ يۇچۇقىدىن بىر تۇتام قەغەزنى چىقىرىپ:

— بىر ھېكايە يازغانىدىم، كۆرۈپ بېقىپ پايدىلىنار-

سەن. قارىسام بەزى ژۇرناللاردا خوراز، ئىت، مۈشۈك، سەركە، يەنە تېخى داپ توغرىسىدىمۇ ھېكايىلەر چىقىۋاتىدۇ، باشقىلار داپ توغرىسىدا يازغاندىن كېيىن، سەنمۇ ساپايى توغرىسىدا ھېكايە يازساڭ نېمىشقا بولمىغۇدەك، داپ بولغان-دىكىن ساپايە بولمىسا بولامدۇ؟ خەير، مەن كەتتىم... ئانامدا بار دېگەننىڭ كۆتىگە ماۋۇ مۈڭگۈزا! دادامدا بار دېگەننىڭ كۆتىگە ماۋۇ...، — ئۇ شۇنداق سۆزلەرنى تەكرار-لىغاچ كېتىپ قالدى...

خىزمەتداشلىرىممۇ ھەيران بولۇشۇپ:

— مۇنداق دېگىن ۋاخاپ، ھېكايە يېزىشىپ بېرىدىغان ساپايىچى دوستۇم بار دېگىن، ھەي، ھېكايە ئېلان قىلىنغاندا بىزمۇ خەۋەر تېپىپ قالايلى جۇمۇ؟— دېيىشىپ چاقچاق قىلىشتى. گىمناستىكا ئويناپ بولۇپ ئىشخانىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئۇچىنچى ھېكايىسىنى ئوقۇشقا باشلىدىم. ئۇ ھېكايى-سىنى مۇنداق باشلاپتۇ:

ھۆرمەتلىك دوستۇم ۋاخاپ، يېڭى خىزمەت ئورنىغا چىققىنىڭنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىمدىن «چۇمۇلە» رېستورانىدا ئۇچ كۇن هاراق ئىچىپ ئون بەش كۇن مەست بولدۇم. ئالدىنقى قېتىم ئاق ساراي ھەققىدە يېزىلغان ھېكايىنى ساڭا بېرىۋاتقاندا دەل ئاشۇ ھاراقنىڭ كەيپى كەتمىگەن چاغ ئىدى. بۇرۇنقى كىشلەرمۇ قىرىق كۇنلەپ توي قىپتىكەنغۇ، سەن ئاشۇ نەس باسقان ئىش ئورنىڭدىن ئالماشقاندىكىن قىرىق كۇن چاي بەرمىسەڭمۇ، مەندەك بىر ئاغىنەڭنى تۆت سائەت، ھېچبولمىغاندا قىرىق مىنۇت بولسىمۇ كۇتۇپ قويمىدىڭ. بەلكى، باشقىلارنى كۇتكەندە مېنى ئۇنتۇپ قالغانسەن. ساڭا يېزىپ بەرگەن ھېكايەمنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۇچۇن مېنى

ھەربىر ئۇچراتقاندا كۆرمەسكە سېلىپ كەتكۈچە، بىر ـ ئىككى كوي بېرىپ رازى قىلغان بولساڭ، مەنمۇ ساڭا ھېكايە يېزىپ بەرگىنىمگە رازى بولاتتىم. خەير، قۇرۇق گەپنى قويۇپ ھېكايەمنى باشلاي. بۇ دورەم مەن ساڭا قانداقتۇر ئىت، خوراز، مۇشۇك، چاشقان قاتارلىقلار توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى ساپايى توغرىسىدا يازدىم. چۈنكى، بۇ ساپايى مەن ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك تەۋەررۈك. شۇڭا بۇ ھېكايەمدە مۇشۇ ساپايە ھەققىدە توختالدىم.

*　　*　　*

سارايدا چۈش كۆرگەندىن كېيىن ئۆزۈمنى خۇددى بۇ رېئال دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەستەك سېزىدىغان بولۇپ قالدىم، چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ ياكى رېئال دۇنيادا ياشاۋاتىمەنمۇ بۇنى ساڭا قاراڭغۇلۇق ئىدى. بىرمۇنچە خىياللارنى سۈرەتتىميۇ، ھېچقايسىسىنى ئاخىرغا چىقىرالمايتتىم. كاللام يەنىلا ئاق ساراي ھەققىدىكى چۈشۈمدە ئىدى. ئەتىسى ئاشۇ چۈشكە مۇكەممەلرەك تەبىر ئىزدەپ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قەبرىستانلىققا قاراپ يول ئالدىم.

مازارلىققا كىرىدىغان كوچىغا كەلسەم، ئون نەچچە تىلەمچى قاتار بولۇپ خانىقا ئىچىدىكى شەيخنىڭ ئالدىدا تۇرۇشۇپتۇ.

— رەھمەت، غوجام بالام، رەھمەت، ياخشى ـ يامان چۈشلىرىڭنىڭ سەدىقىسى بولار.

مەن بوۋاينىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ زوڭزايدىم. ئۇ بوۋاي ماڭا تازا تىكىلىپ قارىۋەتكەن.

دىن كېيىن، داستىخاندىكى دۇئاغا چۈشكەن قاتتىق گىردى-
دىن بىر بۇردا ئاغزىغا سالدى ـ دە، ماڭا يەنە قاراپ:
— ھەي يىگىت، نېمە تەلپىڭىز بار؟ دەڭ، — دەپ
سوراشقا باشلىدى.
مەن كۆرگەن چۈشلىرىمنى سۆزلەپ بەرسەم، بوۋاي
چىرايىنى بىرقىسما قىلىپ، كەچتە «شېغىللىق» رېستورا-
نىغا بېرىشىمنى ئېيتىپ گەپنى ئۈزدى. بىز ئولتۇرۇۋاتقان
بۇ جاي شېغىل دۆۋىسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپى ئۆتمى-
تۆشۈك بولۇپ كەتكەن چۈمۈلە ئۇۋىسى بىلەن قاپلانغان بۇ
يەرنى بەزىلەر «شېغىللىق» رېستوران دەپ ئاتىسا، يەنە
بەزىلەر «چۈمۈلە» رېستورانى دەپمۇ ئاتىشاتتى. بۇ يەردە
ھەشەمەتلىك رېستورانلاردىكىدەك ناخشا ـ مۇزىكا، ئالىي
دەرىجىلىك قورۇملار، گۈزەل نازىنىنلار بولمىغىنى بىلەن
بۇ يەرگە ئەكىرىلگەن هاراقلار بوتۇلكىسى چېقىلغۇچە ئىچى-
لىدۇ. قورۇما، زاكۇسكىلار پەقەت ئېشىپ قالمايدۇ. ئىس-
راپچىلىق يۈز بەرمەيدۇ. شۇڭا بۇ رېستوران بىز ئۈچۈن
شۇنچە كۆڭۈللۈك... مۇشۇ رېستوراننىڭ رەسمىي ئەزاسى
بولۇپ قالغىنىمغا بىر ئايچە بولۇپ قالدى. ھېلىقى قەبرىس-
تانلىقتا ئۈچراتقان بوۋاي مۇشۇ رېستوراننىڭ ئاقساقىلى ئى-
كەن، قىشمۇ ياز يالاڭ ئاياغ يۈرگەچكە كىشىلەر ئۇنى ئىسمى
بىلەن قوشۇپ قاسىم «يالاڭ ئاياغ» دەپ ئاتايدىكەن. قاسىم
«يالاڭ ئاياغ» بۇ يەرگە دائىم دېگۈدەك كەلمەيتتى. پەقەت
بىز ئىچكىلى هاراق تاپالماي قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ئاندىن
بىر بوتۇلكا گۈچۈڭ ھارىقىنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى ـ دە،
ھەممىمىزنى خۇش قىلىۋېتەتتى.
مەن مۇشۇ «شېغىللىق» رېستوراننىڭ ھارىقىنى ئى-

چىپ، زاكۇسكىسىنى يەپ، غەم ـ ئەندىشىدىن خېلى خالاس بولۇپ قالدىم. بىز سەككىز ئادەمگە ھەر ئىككى سائەتتە بىر بوتۇلكا گۆچۈك ھارىقى كېتەتتى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىشنىڭ ئېغىرىنى ياراتماي، ئاسان ئىشنى تاپالماي، ھاراقنى تولا ئىچىپ ئىشقا يارىماس بولۇپ كەتكەن زابويلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىدا پۇل يوق ئىدى. ھاراق ئەكېلىش نۆۋىتى كەلگەن ھامان، بىرەرىمىز سىرتقا چىقىپ تونۇش ـ بىلىشنىڭ ئالدىنى توسۇپ، يېلىنىپ يۈرۈپ بىرەر ـ ئىككى يۈەن تاپاتتۇق ـ دە، بىرەر بوتۇلكا ئاق ئاشلىق ھارىقى ئەكىرەتتۇق. ھاراقنىمۇ نۆۋەت بىلەن ئايلاندۇرۇپ شۈمۈرۈپ ئىچەتتۇق.

بۇگۈن كۈن چۈشتىن قايرىلاي دېگەندە ھەقەمسايىلىرىم ھاراق ئەكېلىش نۆۋىتىنى يەنە ماڭا كەلتۈرۈپ قويۇشتى. «سىرتقا چىقايمۇ، چىقمايمۇ؟» دەپ باش قاتۇرۇپ تۇرسام ئۆلپەتلىرىم زەھەردىن ئاچچىق گەپلەر بىلەن مېنى قىستاشقا باشلىدى. مەن سىرتقا چىقىشقا مەجبۇر بولدۇم. كوچىغا چىقىپ چاسىنىڭ دوقمۇشىدىكى كىنوخانا ئالدىدا قاراپ تۇردۇم. بۇ يەردە قارتا ئويناپ كۈن ئۆتكۈزىدىغانلارمۇ، بىليارت ئويناپ كۈن ئۆتكۈزىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىسىگە خوتۇنى، بالىۋاقىسى، ئاتا ـ ئانىسى ئۈچ ۋاخلىق تاماقنى ۋاقتى ـ قەرەلىدە يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن. «ئىسىت، ئويناپ بەرگىنىمگە تاماق توشۇپ بېرىدىغان ئانام، دادام ياكى ئايالىم بولغان بولسا... توۋا! مەن مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە خوتۇن ئېلىشنى ئەجەب خىيال قىلماپتىمەنىيا»

دورۇس، يېشىم قىرىقتىن ئاشتى، دادام ئادا قىلىپ قويمىغان پەرزنى ئۆزۈم ئادا قىلىشىم كېرەك. خوتۇن خەق

دېگەن پۇلغا كېلىدۇ. شۇڭا، مەندە پۇل ۋەسۋەسىسى يەنە كۈچىيىشكە باشلىدى. توغرا، باشقىلار پۇلنى قانداق تېپىۋاتقاندۇ؟

قايتاي دەپ تۇرسام، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ يولدىن كۆمۈش رەڭلىك بىر ماشىنا ئۇچقاندەك كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىم. مەن بۇرۇن بۇ ماشىنىنى بۇ شەھەردە پات - پات كۆرۈپ قالاتتىم، چۈنكى بۇنداق ماشىنىدىن بۇ ناھىيىدە پەقەت بىرسىلا بار ئىدى. تونۇش - بىلىشلەر ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك پۇل سوراپ بولغانىدىم، ئاخىرى كۈمۈش رەڭلىك ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ماشىنىنى تورمۇزلىغاندىكى دەھشەت چىرقىراش قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم، بىر چاغلاردا كۆزۈمنى ئاچسام «شېغىللىق» رېستورانىدا يېتىپتىمەن. پاچىقىم ۋە مەڭزىمنىڭ ئازراق تېرىسى سۈرۈلۈپ كەتكەندىن باشقا، خۇدايىم مېنى چوڭ بالا - قازادىن ساقلاپتۇ. ئۇلپەتلىرىم بولسا ھەشەمەتلىك بىر سورۇندا ئولتۇرۇپتۇ. يۇمىلاق شىرەگە بېلىق، تونۇر كاۋىپى، توخۇ گۆشى قورۇمىسى، ئىلى ئالاھىدە ھاراقلىرى تىزىلىپ كەتكەنىدى. كېيىن ئۇقسام، مەن ماشىنا ئالدىغا پەيدا بولۇشۇمغا شوپۇر ئۇستىلىق بىلەن ماشىنىنى تورمۇزلاپتۇ. ماشىنىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان سالاپەتلىك كىشى ماشىنىدىن چۈشۈپ مېنى دوختۇرغا ئاپارماقچى بولغاندا، مۇنۇ ئۇلپەتلىرىم يۈگۈرگەن پېتى يېتىپ كېلىپ: «سىلىنىڭ ئىشلىرى بەك ئالدىراش، بۇ ساراڭنى بىز داۋالىتايلى!» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سالاپەتلىك كىشى بەرگەن بىرمۇنچە پۇل بىلەن مۇشۇ ئۇستەلنى چۆرى-

دەپ ئولتۇرۇشقانىكەن. «يېتىپ يېسە تاغمۇ توشۇمايدۇ» دېگەن سۆز بىكار ئېيتىلمىغان چېغى، «چۇمۇلە» رېستورانى قانچە تېز پەيدا بولغان بولسا شۇنچە تېز يوقالدى. يەنە شېغىللىققا كۆچۈپ باردۇق... «شېغىللىق» رېستورانىدا ئو-رۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىمغا توپتوغرا ئۈچ كۈن بولدى، هاراقتىن زەهەرلەنگەن، يۇقۇملۇق جىگەر كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان دەپ دىئاگنوز قويۇلۇشى بىلەن تەڭ ئۆلپەتلىرىم مېنى تاشلاپ كېتىشتى، كەتكەندىن كېيىن يوقلاپمۇ كېلىش-مىدى. پەقەت قاسىم «يالاڭ ئاياغ»لا مېنى پات - پات يوقلاپ تۇردى. ئۇ بۈگۈن كۈن قايرىلغاندا مېنى يوقلاپ بىر كومزەك هاراق بىلەن ئىككى گىردە ئەكەپتۇ. چايداننىڭ ئېغىزىغا كومزەكتىكى هاراقتىن يېرىم قىلىپ قويۇپ تەڭلىدى.

— بۇ هاراقنى ئىچىۋەتسەڭ كېسەل ئازابىنى ئازراق تارتىسەن. دوختۇرنىڭ دېگىنىگە ئىشىنىپمۇ كەتمە، شەهەر-دە دوختۇر دېگەن تولا، يېقىندا دورا شىركەت ئالدىغا بىر دوختۇر پەيدا بولۇپتۇ. شۇ يەرگە كۆرۈنۈپ باق، مەن سېنى باشلاپ باراي...

ئەتىسى سەهەردە بىز ئېشەك هارۋىسىغا ئولتۇرۇپ هې-لىقى دوختۇرنىڭ قېشىغا كەلدۇق. ئۇ دوختۇر تاشكەنت دوپپا كىيىۋالغان، ئۆچكىنىڭكىدەك ساقال قويۇۋالغان، ئات-مىش ياشلاردىكى كىشى ئىكەن، نۇرغۇن بىمارلار ئۇنىڭ پەگاهىدا ئۆچىرەت ساقلاپ تۇرۇشۇپتۇ. بىزمۇ پەگاهدىن پۇت قويغۇدەك بىر جاينى تېپىپ ساقلاپ تۇردۇق. بىزگە نۆۋەت كەلگەندىن كېيىن دوختۇر كۆزەينەكنى ئېلىۋېتىپ ئۇزاق تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن، يەر يۈزىدىن ئۇنۇپ

چىققانكى ئوت ـ چۆپلەر ۋە سۇ، قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان بارلىق جانىۋارلارغا قەدەر چىلانغان هاراقتىن بىر ئىستاكان قويۇپ ماڭا تەڭلىدى. ئىستاكاننى تىترەپ تۇرغان قولۇم بىلەن ئېغىزىمغا ئاپاردىم ـ دە، «غۇرت ـ غۇرت» قىلىپ ئىچىۋەتتىم. هېلىقى دوختۇر ئىستاكاننى ئېلىۋېتىپ ماڭا قاراپ:

— هاراق ئىچىپ بېرىڭ، ئۇقتىڭىزمۇ، داۋاملىق هاراق ئىچىپ بېرىڭ...، — دەپ مېنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتتى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنەلمەي قاسىم بوۋايدىن سورىسام، ئۇ مېنىڭ مۈرەمنى تۇتۇپ:

— سېنى هاراقتىن زەهەرلىنىپتۇ، كۈندە هاراق ئىچمىسە ئۆلىدۇ. شۇڭا، ئاز ـ ئازدىن هاراق ئىچسۇن، كېيىن تاشلىسۇن دەيدۇ.

— توۋا، هاراقنىڭ كاساپىتى بىلەن بۈگۈنكى هالغا كېلىپ قالغان تۇرسام، يەنە هاراق ئىچسەم... دوختۇر مېنى ئۆلسۇن دەپتۇ ـ دە!

— ياق، ئۇكا، ئۇ توغرا ئېيتىدۇ. بىزدە «هاراق چىشلىۋاپتۇ، هاراق بىلەن هاراقنىڭ چىشىنى چاقمىز» دەيدىغان گەپمۇ بار ئەمەسمۇ؟ سېنى چىشلىۋالغىنى ئۇنداق ـ مۇنداق چىشلاردىن ئەمەس، ئۇنى چېقىش ئۇنچىۋالا ئاسانمۇ ئەمەس، ئاز ـ ئازدىن، بىر ـ بىرلەپ چېقىش كېرەك. نېمىگە ئەنسىرەيسەن، چېقىشىپ بېرىدىغان مەن بار ئەمەسمۇ!

مەن قاسىم «يالاڭ ئاياغ»قا ئەگىشىپ مازارنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى گۈمبەزگە كەلدىم. قاسىم «يالاڭ ئاياغ» ئەكىرىپ بەرگەن بىر شېشە هاراقتىنمۇ بىر ـ ئىككى يۇتۇم

قالدى. مەن ئەمدى هاراقنى بۇرۇنقىدەك مەست بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كېسىلىمنى ساقايتىش ئۈچۈن ئىچەتتىم.

كۆنلەرنىڭ، ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كېسىلىم ساقىيىشقا باشلىدى. هاراقىنىمۇ تاشلىدىم. بىراق، قاسىم «يالاڭ ئاياغ» ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىش نۆۋىتى ماڭا كەلگەنىدى. ئۇنى بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ كىر داستىخىنىنى گۈمبەزدىن قىرىق - ئەللىك مېتىر يىراقلىقتىكى چىغىر يولنىڭ ئېغىزىغا سالدىم. چۈنكى، ماڭا شۇ يەردىن ئورۇن تەگكەنىدى. بۇ يەردە ئەتىگەندىن چۈشكىچە ئولتۇرغان بولساممۇ، بىرەر نان ياكى بىرەر كوي تاپالمىدىم، ماڭا سەدىقە بېرىدىغانلار ئازلاپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ قالدى. ئاستا بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ چوڭ يولغا چىقتىم. يولغا چىقىپ ئىككى - ئۈچ سائەت يۈرۈپمۇ بىركىمگە قول تەڭلىيەلمىدىم. تىياتىرخانىنىڭ ئالدىغىمۇ كېلىپ باقتىم. كەچ كىرگىچە ئايلانغان بولساممۇ قاسىم «يالاڭ ئاياغ»قا بىر ۋاخلىق بولغۇدەك بىرەر نانغا ئېرىشەلمەي قايتىپ كەلدىم. ئەتراپ ئايدىڭ، گۈمبەز ئىچىنى بولسا باشمالتاق قولدەك قالدۇق شام غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. گۈمبەزنىڭ بىر بۇلۇڭىدا قاسىم «يالاڭ ئاياغ» خۇددى جان تالىشىۋاتقاندەك ئىڭراپ ياتاتتى. يېقىن بېرىپ سىنچىلاپ قارىسام، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، ئۇرۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ كەتكەنىدى، ئۇ قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ:

— بالام، مەن ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن، داداڭدىن بىر ئېشەك مىراس قاپتىكەن، مەندىنمۇ بىر خۇرجۇن، بىر

ساپايى قالىدىغان بولدى...

ئۇ شۇنداق دەپ قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى، گۇمبەزنىڭ بىر چېتىدىكى ئالىيۇمىن چۆگۈنگە قارىسام بىر تىمىممۇ سۇ قالماپتۇ. بوۋاينى يەنە يۆتەل تۇتتى، ئۇ ئۇزۇپ - ئۇزۇپ يۆتىلىپ جىمىپ قالدى. مەن دەرھال ئۇنىڭ كۆكىرىپ كەتكەن لېۋىگە قولۇمنى تەگكۈزدۇم. ئۇنىڭ تىنىقى توختاپ قاپتۇ.

قاسىم «يالاڭ ئاياغ» نىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ زاراڭ-گاھلىقتىكى مۇساپىر - تىلەمچىلەرنىڭ ھەممىسى گۇمبەزگە يىغىلىشتى. ئايال مۇساپىر - تىلەمچىلەر مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى. مەرھۇمغا خالىس يەرلىك ئېلىشقا كەتكەن گۆركارلار ھايال بولماي سالپىيىپ قايتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، مازار شەيخى:

— قاسىم «يالاڭ ئاياغ» شەھەردىن ئەمەس، بەلگىلىمە بويىچە بۇ يەردە يەرلىككە قويۇشقا بولمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۆز يۇرتىغا ئاچىقىپ يەرلىكىدە قويۇڭلار...، — دەپتۇدەك.

مۇساپىرلار بىر - ئىككىدىن كېتىپ قېلىشتى، گۇمبەز ئىچىدە پەقەت مەنلا مەرھۇمنىڭ جەسىتى بىلەن قالدىم. توۋا، ئۆلۈك ئادەم تىرىك ئادەمگە قارىغاندا سۇرلۇك ۋە قورقۇنچلۇق بولىدىكەن. ئەتراپتا بوران كۈچىيىشكە باشلىدى، مەن قورقۇشقا باشلىدىم. كېچىكىمدە ئۇخلىيالمىسام دادام بىردىن يۈزگىچە ساناق سانىغىلى سالاتتى. ساناپ - ساناپ يېتىپ ئۇخلاپ قالاتتىم. بۈگۈن يەنە شۇ ئۇسۇلنى قوللىناي دېسەم، ساناق ساناشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئا-ران ئەللىككىچە سانىيالىدىم، تەكرار - تەكرار ساناۋېرىپ كۆزۈم ئۇيقۇغا ئىلىنىۋىدى، يەنە چۈش كۆرۈشكە باشلىدىم...

بىر چاغدا چۈشۈمدىن ئويغانسام بوران چىقىۋېتىپتۇ،
قەبرىستانلىقتىكى دەرەخلەر قاراسلاپ سۇنۇۋېتىپتۇ، ئۇس-
تۈمگە بىر دەرەخ شېخىنىڭ ئۇچى تېگىپ ئويغىتىۋەتكەندە-
كەن، مەن قاسىم «يالاڭ ئاياغ» نىڭ جەسىتىگە قاراپ باقاي
دەپ گۈمبەز ئىچىگە كىرسەم، ئۇنىڭ جەسىتى يوق، قور-
قۇپ كەتتىم. كېيىن «رەھمەتلىكنى پەرىشتىلەر يەرلىكىدە
قويغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ سەل - پەل خاتىرجەم
بولدۇم - دە، ئۇنىڭدىن ماڭا تەۋەررۈك قالغان ساپايىنى
ئېلىپ گۈمبەز ئىچىدىن قايتىپ چىقتىم.
دادامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە شەھەرگە كىرىپ كىرا-
كەشلىك قىلىدىغان ئىشمۇ ئاقمىدى. ئاق سارايغا بېرىش
ئويۇممۇ ئاشۇ بىر چۈش بىلەن كۆپۈككە ئايلاندى. بىز سەھرا
بالىلىرى «هارام» دەپ ئىچمەيدىغان هاراقنىمۇ توپتوغرا ئۈچ
يىل ئىچىپ كۆردۈم. ئۇمۇ پۇل خەجلەپ دورا سېتىۋېلىپ
ساراڭ بولۇۋالغانغا ئوخشاش بىر ئىش ئىكەن. كېيىن تىلەم-
چىلىك قىلىش ئويىدا كوچىلارنى خېلى ئايلانغان بولسامۇ،
كىشىلەر مېنىڭ بېجىرىم ئەركەك ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ
سەدىقە بەرمىدى، راستىنى ئېيتسام، مەن ئاشۇ قول سو-
زۇپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان ئىشنىمۇ قاملاشتۇرالمى-
غانىدىم... گۈمبەزدىن چىقىپ، بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇ-
تاي دەپ خېلى ئۇزاق باش قاتۇردۇم. كوچىدا يۈرگەن ساپا-
يىسىز، خورجۇنسىز تىلەمچىلەر كۆز ئالدىمغا كەلدى...
«توغرا، ساپايى ياساپ ساتمايمۇ؟ بۇ كەسىپنىڭ بازى-
رى چىقىدۇ، دەسمايىمۇ ئاز كېتىدۇ...»
مەن ساپايىنىڭ ياسىلىشىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن قا-
سىم «يالاڭ ئاياغ» دىن مىراس قالغان ساپايىنى بىرقۇر كۆ-

رۇپ چىقتىم. بىر ساپايى ئۈچۈن بىر مۈڭگۈز، بىر نەچچە
تال سىم ھالقا يەنە ئون نەچچە تال سىم چەمبەر لازىم
بولاتتى. بىراق، مۈڭگۈز، سىم، ئامبۇر، بولقا دېگەندەك
نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇل كېرەك ئىدى… مەن
ساپايى چېلىشقا باشلىدىم، بىر چاغدا ئالدىمدا بىرمۇنچە پۇل
پەيدا بولۇپ قالدى. پۇللار ساپايىنىڭ دەستىسىدىن چۈشۈۋا-
تاتتى. قاسىم «يالاڭ ئاياغ» ماڭا پۇل پەيدا قىلىدىغان خاسى-
يەتلىك ساپايە قالدۇرۇپ كەتكەن چېغى دەپ، ساپايىنى كۆ-
زىتىشكە باشلىدىم. ساپايىنىڭ ئۇپراپ تۆشۈك بولۇپ كەتكەن
يېرىدىن بىرمۇنچە نەق پۇل ۋە پۇل چېكى چۈۋۈلۈپ چىقتى.
«كىشىلەر كۆرۈپ قالمىسۇن» دېگەن ئەندىشىدە ئەتراپىمغا
بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ساپايىنىڭ تۆشۈكىدىكى قالغان
پۇل ۋە پۇل چېكىنى كولاپ ئالدىم. ئۇ بوۋايمۇ تاپقان -
تەرگىنىنى مۇشۇ ساپايىغا تىقىپتىكەن ئەمەسمۇ، پۇل ۋە پۇل
چېكى توپتوغرا ئون مىڭ توققۇز يۈز يۈەن بولۇپ چىقتى.
چەكلەرنى بانكىغا ئاپارسام بانكا خادىملىرى چەك كۆتىكىنى
كومپيۇتېردىن تاپالماي بىر قاراڭغۇ ئۆيدىن تېپىپ چىقتى،
پۇللار ئۆسۈمى بىلەن قوشۇلۇپ توپتوغرا ئون ئالتە مىڭ
يۈەن بوپتۇ. ئۇ پۇلنىڭ مىڭ يۈەنىگە سىم، مۈڭگۈز ۋە
كېرەكلىك سايمانلارنى سېتىۋېلىپ ساپايى ياساشقا كىرىش-
تىم. ئىلگىرى بارلىق ئامالLARنى قىلىپمۇ تاپالمىغان پۇل
مانا ئەمدى ئۆز ئايىغى بىلەن يانچۇقۇمغا كىرىدىغان بولۇپ
قالدى. ھەربىر ساپايىنى ئەللىك يۈەندىن ساتاتتىم. ياسىغان
ساپايىلىرىم بازاردا ئۇلگۇرمەي قالاتتى. تېخى بەزى دىۋانىلەر
ئالدىن پۇل تاپشۇرۇپ ساپايى زاكاز قىلاتتى. تارتقان جاپا-
يىمغا يارىشا ياخشى ياشاش مۇھىتىغىمۇ ئېرىشتىم. ھازىر

شەھەرنىڭ مەركىزىدە ئانچە ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ ھەر
ھالدا يېتىپ ـ قوپقۇدەك ئۆيۈم بار. ناھىيە بازار مەركىزىگە
جايلاشقان مەسچىت ئالدىدا بىر بوتكا قويۇپ، مەخسۇس ساپا-
يى ساتىدىغان دۇكان قىلىۋالدىم. دۇكىنىمدا مۇڭگۈز دەس-
تىلىك، ياغاچ دەستىلىك، ھەتتا كۈمۈش، ئالتۇن دەستى-
لىك ساپايىلارمۇ بار. بەزىدە چەت ئەلدىن ساياھەت قىلىشقا
كەلگەنلەر دۇكىنىمدىن ساپايە سېتىۋالىدۇ. مۇشۇ ئوقەت
ئارقىلىق خېلى جانلىنىپ قالدىم، ئۆيۈمنىمۇ ھەشەمەتلىك
قىلىپ ياسىۋالدىم، بانكىغا قىرىق ـ ئەللىك مىڭ يۈەن
ئامانەتمۇ قويۇۋالدىم. سارايدا ئۇنتۇلۇپ قالغان ئېشىكىمنى-
مۇ ئەكېلىۋالدىم. دادامدىن قالغان ئېشەك ئوت ـ بوغۇزنى
تويغۇچە يەپ خېلى ئەتلىنىپ قالدى، بىراق ئۇ، يىرىك
بوغۇزلارنى يەنىلا يېيەلمەيتتى، چۈنكى قېرىپ ئاغزىدا چىشى
قالمىغانىدى، نېمە ئامال؟ تۆت پۇتى يەرگە دەسسەپ تۇرغان
ئېشەكنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادامدىن قالغان تەۋەررۈك مى-
راسنى تاشلاپ قويغۇم كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن «دادامنىڭ
روھى خۇش بولۇپ قالسۇن» دەپ بۇ قېرى ئېشەككە بىرمۇن-
چە پۇل خەجلەپ ئالتۇندىن چىش سالدۇردۇم. ھازىر ھەر-
قانداق يىرىك بوغۇز بولسىمۇ يەۋېرىدىغان بولدى. بىراق،
ئېشەك ئويلىمىغاندا ھاكاۋۇرلىشىپ، ئېغىزىدىكى چىشنى
باشقىلار كۆرسۇن دېگەندەك كېتىۋاتقان يېرىدە تۇيۇقسىز
توختاپ سۇيدۇك پۇرىغان بولۇپ، چىشلىرىنى چىقىرىپ خې-
لى ئۇزاققىچە ئاسمانغا قاراپ تۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قالدى.
ئاۋات كوچىلاردا تۇرۇۋېلىپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا ھاڭرايدى-
غان بولۇۋالدى.

## 4

مۇشۇ كۈنلەردە ئەقلىنى لال قىلغۇدەك غەلىتە ئىشلار يۈز بەرگىلى تۇردى. ئاڭلىسام، يېقىندا شەھەر مەركىزىگە پولۇ دۇكىنى ئاچقان ئىبراھىم ئۇستامنىڭ بىر قازان پولۇ- سى گۈرۈچنى سېلىپ دەملەپ ئاچسا قۇرتلاپ كەتكەنمىش، بۇ گەپكە ئىشەنمەي تۇرسام، ناھىيىلىك دورا زاۋۇتىنىڭ ئېنژېنېرىنىڭ مەيدىسىگە توپقا ئوخشاش بىر يۇمىلاق نەرسە پەيدا بولۇپ قاپتۇمىش. بۇنداق دېسەم، سىز مېنىڭ كاللام- دىن گۇمانلىنىپ قالماڭ، ئاڭلىدىڭىزمۇ، يېقىندا يۈز بەر- گەن چاشقان ئاپىتىدىن كېيىن شەھىرىمىزدە زىيىنى تېخىمۇ زور بولغان قۇرت ئاپىتى يۈز بەردى. ئىشەنمەمسىز؟ شۇ سەۋەبتىن شەھەر بويىچە توپتوغرا ئون كۈن ئىش توختىتىپ قالدى. ئېنىقلاشقا قارىغاندا، بۇ قۇرتلار شەھەرلىك يېمەك - ئىچمەك شىركىتىنىڭ مۇزخانىسىدىن تارقالغان- مىش. ھازىر بۇ قۇرتلار شەھەر ئىچىنى قاپلاپ كوچىلاردا مىغىلداپ كەتتى. ئادەملەرنىڭ يانچۇقىدىمۇ، سومكىسىدى- مۇ، ئايىغىنىڭ ئىچىدىمۇ، ماشىنا ئىچىدىمۇ، ھەتتا كىتاب- خانىلاردىكى كىتابلارنىڭ ئارىسىدىمۇ مىغىلدايدۇ… شۇڭا ھازىر ھەممىمىز ئىشتاننىڭ پۇچقىقىنى چىگىپ ماڭىدىغان بولدۇق… ئارقىمۇ - ئارقا يۈز بەرگەن بۇ غەلىتىلىكتىن خاراموش بىر ھالەتكە كېلىپ قالدۇق.

مۇشۇ كۈنلەردە، ھېلىقى قۇتلۇق دېگەن ساراڭدىن يەنە بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ خەتنى مۇنداق باشلىغانىدى:

ھەرقانداق ئوقەتنىڭ پەسىل، كۈنى بولىدىكەن، مېنىڭ

ساپايىچىلىق كەسپىم بارا ـ بارا ئاقمىغىلى تۇردى. كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىدىغانلار ئاز بولمىغىنى بىلەن ساپايى ئالىدىغانلار ئازلاپ كەتتى. چۈنكى ساپايى دېگەن ئاسان سۇنىدىغان، بۇزۇلىدىغان نەرسە ئەمەس ـ دە! يەنە كېلىپ مېنىڭ ساپايىلىرىم ئۆكۈز، سەركىلەرنىڭ مۈڭگۈزىدىن، ئاكاتسىيە، چىلان ياغاچلىرىدىن ياسالغان تۇرسا، گەپ يوق ئۇن ـ يىگىرمە يىل چىدايدۇ ـ دە! پۇل دېگەن نەرسىنىمۇ يوق چاغدا تاپقىلى كەلمەيدىكەن. يانچۇقۇمغا ئازراق پۇل كىرسە ئاشۇ پۇلغا يېپىشقۇڭ، كانىدەك چاپلاشقۇڭ كېلىدىكەن. مەن پۇلۇمنى كۆپەيتىش ئۈچۈن يەنە يېڭى كەسىپ تېپىۋالدىم. ئۇ قانداق كەسىپ دەمسەن؟ دوللار سودىسىغىمۇ، قوي، كالا، ئىت، مۈشۈك سودىسىغىمۇ، ساپايى، داپ، ناغرا سودىسىغىمۇ ئوخشىمايدىغان، ھەرقانداق باج ـ سېلىق ئېلىنمايدىغان مۇتلەق بىخەتەر، ئۇلۇغ كەسىپ، بىلەمسەن، جەمئىيەتتە ھەرقانداق كەسىپ ـ ھۈنەرنىڭ ئۇستىسى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەخسۇسلاشقان مەكتىپى بولىدۇ. بىراق، ھازىر تىلەمچىلەرنىڭ ئاقساقىلى بولسىمۇ، ئۇلارنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپ يوق. توغرا، تىلەمچىلەر تىلەمچىلىك قىلىش ئۈچۈن تىلەمچىلىكنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى، ئۆز يۇرتىنىڭ تىلەمچىلىك ساھەسىدىكى مەشھۇر كىشىلەرنى بىلىشى، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، نەچچە ئېغىز سۆزنى قاملاشتۇرۇپ قىلالىشى، يالغان ئاغرىق، يالغان سەرگەردان، يالغان يېتىم بولالىشى، ساپايى چېلىپ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېزىدىغان بىرنەچچە كۇپلېت بېيىت، قوشاق ئېيتالىشى كېرەك. مەن تىلەمچىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مەخسۇس تىلەمچى تەربىيىلەش مەركىزى قۇ-

رۇش ئۇچـۇن شەھەر ـ شەھەرلەردىن داڭلىق تىلەمچى،
ئۇستا ساپايىچىلارنى تېپىپ كېلىپ بۇ يۇرتتا مەخسۇس مەك-
تەپ ئاچتىم. نېمە؟ ئوقۇتقۇچىنىغۇ تېپىپسەن، دەرسلىك
بولمىسا دەرسخانىدا نېمە سۆزلىدىڭ دەۋاتامسەن؟ سەن بىل-
مەيسەن، پۇل خەجلەپ بىرنەچچە نەپەر تەتقىقاتچىنى تەكلىپ
قىلىۋېدىم، ئۇلار بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا شامەشرەپ، قە-
لەندەر قاتارلىقلارنىڭ تارىخى ئەكسى ئەتتۇرۇلگەن قېلىن ـ
قېلىن كىتابلارنى يېزىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ-
رۇن بۇ يۇرتتا قەلەندەرچىلىكتە داڭقى چىققان بىرى ئۆتۆپتىد-
كەندۇق، بولمىسا ئۆزىگە بىكاردىن ـ بىكار قەلەندەر دېگەن
ئىسىمنى قويۇۋالامدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە تۇمەن پۇل
خەجلەپ، بۇ كىتابلارنى بىرنەچچە مىڭ نۇسخا باستۇردۇم.
دەسلىپىدە ئوقۇشقا تىزىملىتىدىغانلار ئانچە كۆپ بولمىدى،
كېيىن مەكتىپىمدە تەربىيىلەنگەن تىلەمچىلەرنىڭ تاپاۋىتى
ياخشى بولغاندىن كېيىن باشقا تىلەمچىلەرمۇ ئىزدەپ كې--
لىپ ئوقۇيـدىغان بولۇشـتى. مەن رادىـئو ـ تېلېۋىزوردى-
مۇ، گېزىت ـ ژۇرناللاردىمۇ ئېلان بەرمىدىم. بىر ۋاراق
ئاق قەغەزگە ئېلان يېزىپ ئىستولبىلارغا، يەر ئاستى ئۆتۆش-
مە يوللىرىغا چاپلاپ قويغاندىن كېيىن ئوقۇيدىغانلار كۈنسې-
رى كۆپىيىشكە باشلىدى.

ئىمتىھان دېسە ناپالىيونمۇ قورقۇپ كەتكەن يەردە، بۇ
شەھەرنىڭ تىلەمچىلىرى قورقماي قالامتى، بىر ئايدا ساپايە
چىلىشتىن، بىر ئايدا ھۆكمەت ئوقۇشتىن، يەنە بىر ئايدا
قەلەندەرچىلىكنىڭ تارىخى ۋە قەلەندەرچىلىك ھەققىدە ئومۇ-
مىي ساۋاتتىن ئىمتىھان ئېلىپ تۇراتتىم. ئاخىرى، ئوقۇش
پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ۋەدەم-

دىن يېنىۋالالماي تەڭقىسلىقتا قالدىم. بۇ كۈنلەردە تىلەمچى-
لەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئىدارە نەدە تۇرۇپتۇ، ئاخى-
رى يۇقىرى - تۆۋەن چېپىپ يۈرۈپ «كەمبەغەل يېتىم -
يېسىرلار پاراۋانلىق شىركىتى» قۇرۇشقا تەستىق ئالدىم،
شىركەت ئاساسلىقى يېتىم - يېسىر، مېيىپ - مەجرۇھ،
قارىغۇچىسى يوق قېرى - چۈرىلەرنى پۇل تېپىشقا تەشكىل-
لەپ، ھەر تەرەپنى تەڭ نەپكە ئىگە قىلىش ئىدى. مەن مۇشۇ
كىچىك شەھەردە قۇرغان باش شىركىتىمنى ئاساس قىلىپ،
تىجارەت دائىرەمنى ناھىيىدىن ۋىلايەتكە، ۋىلايەتتىن ئۈرۈم-
چىگە كېڭەيتتىم. ھازىر يەنە يېزىلاردا تىلەمچىلىك قىلىدى-
غان مەخسۇس موتىسىكلىتلىقلار گۇرۇپپىسى بار. ئەلۋەتتە،
ئۇلار خەقلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا موتىسىكلىت مىنىپ بارماي-
دۇ، ناھىيە مەركىزىدىن يېزا مەركىزىگىچە موتىسىكلىتتا
مىنىپ بارىدۇ، ئاندىن ئۇستىبېشىنى ئالماشتۇرۇپ كەنت
مەھەللىلەرگە بېرىپ تىلەپ - تاپقىنىنى ئېلىپ يەنە كەچتە
يىغىلىدۇ، نان - پان، ئاش دېگەنلەرنى قورسىقى تويغۇچە
يەيدۇ، ئاشقىنى بىلەن چارۋا باقىدۇ، نەق پۇلنى بولسا بىر
پۇڭ قالدۇرماي بانكىدىكى ھېسابات نومۇرىغا ئامانەت
قويىشىدۇ...

خۇشاللىق بىلەن قايغۇ قوشكېزەك بولغىنىدەك، مۇشۇ
كۈنلەردە مەن ئۈچۈن تولىمۇ قايغۇلۇق، ئەلەملىك ئىش
بولدى. چۈنكى، دادامدىن ماڭا قالغان قارا يورغىدىن ئايرىل-
دىم. بىر كۈنى جۈمە نامىزىدىن قايتىپ كەلسەم ئېشىكىم
پۇتلىرىنى ئۈزۈن سوزۇپ، خۇددى بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان-
دەك يېتىپتۇ. ئادەم ئۆلسە ئۈنى يۇيۇپ كېپەنلەيدىغانغا،
تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ نامىزىنى ئوقۇپ يەرلىكىدە قويۇشقا ئادەم،

كۆمگىلى زاراتگاھلىق چىقىدۇ. بىراق ئېشەككىچۇ، ھېلىغۇ
بىزنىڭ قارا يورغىدەك قېرىپ ھالى قالمىغان، ھېچكىمگە
پايدىسى تەگمەيدىغان ئېشەككەن، ئۆزى ياش، ھارۋىغا قاتسا
نەچچە ئون ئادەمنى سۆرەپ ماڭالايدىغان ئېشەك ئۆلۈپ قال-
سىمۇ تەقدىرى ئوخشاش بولىدىكەن. ئىچىڭ ئاغرىسىمۇ ئۇ-
نىڭنى چىقىرىپ يىغلىيالمايسەن.

بىراق، تىرىك چاغدا قاراپ قويغىلى ئادەم چىقمىغان
بۇ قوتۇر ئېشەك بىر كېچىدىلا ئەتىۋارلىق بولۇپ كەتتى.
مەنا ئەمدى «بېگىمنىڭ ئېشىكى ئۆلسە مىڭ كىشى، ئۆزى
ئۆلسە نەدە كىشى» دېگەندەك، ماڭا كۆڭۈل قويۇپ كېلىدى-
غانلار، ئېشىكىمنىڭ جەسىتىنى بىر تەرەپ قىلىشىپ بېرى-
دىغانلار، ئۆلۈكىنى سېتىۋالىدىغانلار، «ئىتىمنى بېقىۋا-
لاي»، «تاپىنى تالنىڭ تۈۋىگە كۆمىۋالاي»، «تېرىسىدە دۇم-
باق ياسىۋالاي» دېگەندەك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئىشىك
تۈۋىمدىن كېتەلمەيدىغانلار كۆپىيىپ قالدى.

ئېشىكىم ئۆلۈپ قېلىۋىدى، كاللامغا كەلمىگەن خىيال-
لار كەلگىلى تۇردى. راست، ھېلىقى كۆرگەن چۈشۈمدە بۇ
ئېشەك دۈلدۈلغا ئۆزگىرىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى، «بۇ دورەم
يەنە بىر خىسلەت بىلەن جان كىرىپ تىرىلىپ قالارمۇ؟»
دېگەن ئۈمىدتە ئۇنى سېتىۋېتىشكىمۇ، كۆمۈۋېتىشكىمۇ كۆ-
زۈم قىيماي خېلى ساقلاپ باقتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئې-
شەككە بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ سالدۇرغان ئالتۇن چىشلار
كۆز ئالدىمغا كىلىۋېلىپ مېنى قىينايتتى... «ئېشىكىمنىڭ
ئېغىزىدىكى ئالتۇن چىشنى بولسىمۇ قومۇرۇۋالاي» دېگەن
ئويدا خېلى ئۇرۇنۇپ باققان بولسامۇ ئېشەكنىڭ پۇتۇن
بەدىنى قېتىپ كەتكەچكە، پەقەت ئامال بولمىدى. «خەيرد-

يەت، ھازىرقى كۈنۈمۈ يامان ئەمەس، مۇشۇنداقلا كۆمۈۋېتەي، كەلگۈسىدە بۇ ئېشەكنى تېپىۋالغۇچىلار كاتتا باينىڭ ئېشىكى ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالسۇن» دېگەن ئويدا ئېشەكنى بىر كېچىدە كىچىك ماشىنامنىڭ ئارقىسىغا سېلىپ شەھەر سىرتىدىكى ساينىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆمۈۋەتتىم…

تۇۋا دەيمەن، بىر زامانلاردا كىشىلەر بىراۋ سەدىقە تىلەپ كەلسە سەدىقە بېرىۋېرەتتى. مانا ھازىر زامان ئۆزگىرىپ، كىشىلەرنىڭ قولىغا پۇل كىرىۋېدى، بارغانسېرى پۇلغا ئامراق بولۇپ چىڭ يېپىشىدىغان، بىر كىمگە سەدىقە بەرسىمۇ ئۇستۇۋېشىغا قاراپ بېرىدىغان بولدى. شۇڭا مېنىڭ بىر قىسىم ياش، ئوتتۇرا ياش تىلەمچىلىرىم رولىنى جارى قىلدۇرالماي ھېسابىمغا كىرىدىغان پۇل ئازلاشقا باشلىدى. ئەمدى شىركەتنى ئىسمى - جىسمىغا لايىقلاشتۇرمىسام بولمايتتى. نۇرغۇنلىغان مېيىپلارنى تېپىش ئۈچۈن ئادەملىرىمنى يىراق - يېقىنغا، چەت يېزىلارغا يولغا سالدىم. ئۆزەممۇ سانتانا ماركىلىق ماشىنامنى ھەيدەپ يۇقىرى - تۆۋەن، شەھەرمۇ شەھەر چېپىپ يۈرۈپ، تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن خېلى نۇرغۇن مېيىپ، ئاجىز، مەجرۇھلارنى تاپتىم. بەزىسىنى «ساناتورىيەلەردە داۋالايمىز…» دېگەن سۆز بىلەن ئالدىدۇق، بەزىسىنى كوچىدا ئولتۇرغان جايىدىنلا ماشىنىغا سېلىپ ياندۇرۇپ ئەكەلدۇق. ھازىر مېيىپ ئەزالىرىمىز يۈزدىن ئېشىپ كەتتى. تىجارەت نىشانىمىزنى ئاساسلىق ئۈرۈمچىگە قاراتتۇق. چۈنكى، پۈتۈن ئۇيغۇرنىڭ پۇلى شۇ يەرگە يىغىلىپ قالغاندەك، پۇل تاپىدىغانلارمۇ، پۇل خەجلەيدىغانلارمۇ شۇ يەرگە يىغىلغاندى…

تېزلا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدىم. ئۈرۈمچى شەھىرى

كۈزنىڭ رەڭگارەڭ گۈل ـ چېچەكلىرىگە پۈركەنگەن بولۇپ، قەۋەتلىك بىنالارمۇ خۇددى گۈل ـ چېچەكتىن تون كىيگەندەك گۈزەللىشىپ، بىراق شۇنچە چوڭ شەھەردە بىرمۇ تىلەمچىنىڭ كۆرۈنمەسلىكى بىر نورمالسىز ئىش سۈپىتىدە مېنى ھەيران قالدۇردى. «تىلەمچىلىرىمنى بىرەر بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن كوچىغا چىققىلى قويمىغان بولمىسۇن يەنە» دېگەن خىيال بىلەن شىركىتىم جايلاشقان ھويلا ئالدىغا كەلسەم، دەرۋازىغا جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ چوڭ تامغىسى بېسىلغان چاپاننىڭ پېشىدەك چوڭلۇقتا پېچەت چاپلىنىپتۇ. ئۆيگىمۇ كىرەلمەي نېمە ئىشلىقىنى بىلىش ئۈچۈن سىرتقا ماڭاي دەپ تۇرسام، دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل خوجىدارىم ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ مېنى چەتكە تارتقاندىن كېيىن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مەن جەنۇب تەرەپكە كەتكەندىن كېيىن شىركىتىمىزنىڭ كىرىمى ھەقىقەتەن كۆپ بولۇپتۇ. بانكىغىمۇ يۈز مىڭ يۈەنچە پۇلمۇ قويۇلۇپتۇ. بىراق ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يازىدىغانغا بىرنەرسە تاپالماي يۈرگەن ئىختىيارىي مۇخبىردىن بىرى بولسا خوجىدارىم يالغان توكۇر قىلىپ دۆڭكۆۋرۈك بازىرىغا ئاچىقىپ قويغان بىر تىلەمچىنىڭ سىرىنى بىلىپ قاپتۇ ـ دە، ئەتىسى گېزىتكە «بۇ مېيىپلارنى ھاقارەت قىلغانلىق» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، چاۋىمىزنى چىتقا يېيىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قانۇن ئورۇنلىرى ئىشلىرىمنى تەكشۈرۈپ مەبلىغىمنى توڭلىتىپ، مېنى تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. خوجىدارىم ئاخىرىدا مېنى نۇرغۇن ساقچىلارنىڭ ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى، تۇتۇلۇپ قېلىشتىن بۇرۇن بۇ شەھەردىن تېزرەك كېتىشىم

كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىپ قولۇمغا بىر تۈتام پۇلنى تۇتقۇ-
زۇپ قويدى.
مەن شۇ كۈنىلا ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ يۇرتۇمغا قاراپ
يولغا چىقتىم.

## 5

مەن قۇتلۇق ساراڭدىن يەنە خەت تاپشۇرۇۋالدىم.
ئۇ خەتنى مەلۇم قوشنا دۆلەتنىڭ پايتەختى مەلۇم شە-
ھەردىن يازغانىدى. مەن ئۇنىڭ قانداق قىلىپ چەت ئەلگە
چىقىپ قالغىنىدىن گۇمانسىراپ لېپاپنى يىرتىپ، خەتنى
ئوقۇشقا باشلىدىم.
«ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، پالاسنى
قۇچاقلاپ ھەپتە يېتىپتىمەن» دېگەندەك بىر ئىش بولدى.
نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تاپقان پۇللىرىمنىڭ خۇشاللىقىدا بىر-
مەھەل ئۆزۈمنى بىلمەي يۈرۈپ كېتىپتىمەن. كىم مەندەك
بىر دېھقان بالىسىنى «سىڭگەن نېنىنى يىمەي پۇل تاپىمەن»
دەپ يوقىلاڭ ئىشلارنى قىلىپ يۈرسۈن دەپتۇ، دېھقان
بولغاندىكىن باشلىق بۇيرىغان ئىشنى قىلىپ، ئۆمۈر
بويى ئارا - گۈرجەكنى قۇچاقلاپ ياتماي، ئۇنداق چوڭ
شەھەرلەردە نېمە بار ماڭا؟...
ماشىنا بىلەن يۇرتۇمغا كەلگۈچە باش - ئايىغى يوق
خىياللار بىلەن بولۇپ كېتىپ ناھىيە بازىرىغا كىرىدىغان
چوڭ يول بويىدىكى سايلىققا كېلىپ قالغىنىمنىمۇ بىلمەي
قالدىم. سايىنى كۆرگەن ھامان، بۇ يەرگە كۆمۈپ قويغان
قارا يورغا ئېسىمگە كېلىپ قالدى، گەرچە ئېشەكنىڭ قەبرى-

سىگە دۇئا قىلىپ ئۆتۈش جايىز بولمىسىمۇ، بىچارىنىڭ بىزنىڭ ئائىلىنى دەپ، ئۆمۈر بويى راھەت كۆرمەي ئۆلگەن-لىكى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنىڭ قەبرىسىنى يوقلاشنى ئادەمگەر-چىلىك پەرزى دەپ ئويلاپ قالدىم. بىر ئۆمۈر دادامغا ۋە ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئۆتكەن ۋاپادار ئىشەكنىڭ قەبرىسىنى يوقلى-سام نىمىشقا بولمىغۇدەك؟

ئىشىكىم كۆمۈلگەن يەرگە كەلدىم. كەلدىممۇ، تۇيۇق-سىز بىر ئىش يادىمدىن كېچىپ قالدى، توغرا، شۇنداق قىلىش كېرەك، شۇنداق قىلىشنىڭ نىمە زىيىنى بار؟ ئەل ئايىغى بېسىققاندا ئىشەك كۆمگەن يەرنى ئاچتىم. ئىشەكنىڭ تاپى چىرىپ قۇرۇق ئۇستىخانلىرىلا قالغانىكەن. ئالتۇن چىشلارمۇ ئۆزلۈكىدىن ئاجراپ مىنى تېرىۋالسۇن دېگەندەك تەق بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئوتتۇز نەچچە تال ئالتۇن چىشنىڭ بىرنى قويماي تېرىۋالدىم. ھەر ھالدا پۇلۇم بار چاغدا، شىركىتىمنى كېيىنچە چەت ئەللەرگىچە كېڭەيتىش مەقسى-تىدە بارىدىغان پاسپورت بېجىرىپ قويغان ئىكەنمەن، بۇ نەرسە ئەمدى ئەسقاتتى. چەت ئەلدىكى مەلۇم شەھەرگە چىش-لارنى ۋە كىچىك ماشىنامنى سېتىپ ئايروپىلان بېلىتى سې-تىۋېلىپ ئۇچۇپلا كەتتىم.

قولۇمدا دائىم يېنىمدىن ئايرىمايدىغان قەدىناس ساپايە. كۆزۈم يېرىم يۇمۇلغان ھالدا خىيالغا كەتكەنىدىم، ئايروپى-لاندا ئولتۇرۇپ ھېلىقى چاغدا ئاق سارايىنى ئويلاپ كۆرگەن چۈشۈم خىيالىمغا كېلىپ قالدى. گويا مەن مۇشۇ تاپتا ئىشىكىمنىڭ چاڭگىلىدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كې-لىپ قالغانىدىم. ئايروپىلان دېرىزىسىدىن قارىغاندا يۇرتۇم بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، دەل

شۇ چاغدا بۇ زېمىنغا نېمىشقا پاتمىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى بىلگەندەك بولدۇم.

شۇنداق قىلىپ چەت ئەلگە كېلىۋالدىم، ئازراق قورۇنۇۋاتقان بولسامۇ، ھەر ھالدا يۈرىكىم ئەركىن سوقۇۋاتاتتى. بىرنەچچە كۈن يۈرتتىن ئېلىپ كەلگەن پۇل بىلەن جان بېقىپ يۈردۈم، «يېتىپ يېسە تاغمۇ توشۇمايدۇ» دېگەندەك، ئۇ پۇللارنىڭمۇ ئايىغى چىقاي دەپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرەر ئوقەت قىلىپ بېقىش كويىدا خېلى كاللا قاتۇرۇپ باقتىم، يەنىلا قاسىم «يالاڭ ئاياغ»تىن تەۋەررۈك قالغان ھېلىقى كونا ساپايى ئەسقاتتى. توۋا! رەسمىي يوسۇندا ئەمەس، ئىچ پۇشقى قىلىپ چېلىپ قويغىنىمغا بىردەمدە ئالدىمغا بىرمۇنچە پۇل چۈشۈپتۇ، بۇمۇ بولىدىغان ئىشكەن، تېخى تىلەمچىلىكنى بىزنىڭ يۈرتتىن باشقا جايدا ئاقمايدىغان كەسىپمىكىن دەپتىكەنمەن. بۇ يەردىمۇ ئوبدانلا ئېقىپ قالدى، بۇ يەرلىكلەر كېيىن توي - تۆكۈنلەرگە باشلاپ بېرىپ ساپايە چالغۇزىدىغان بولۇشتى، توي چىقسا تويدا ساپايى چالدىم، توي چىقمىسا ئادەم كۆپرەك يىغىلغان يەردىن بىرنى تېپىپ چىرايلىق ھۆكمەت ئوقۇپ ساپايە چېلىۋېدىم، يەنە بىرمۇنچە پۇل تاپتىم. يىل ئۆتمەي، بۇ يەردىمۇ ھويلا - ئارام قىلىۋالدىم. گەرچە بىرەر شىركەت - پىركەتتەك بىر نەرسە قۇرالمىغان بولسامۇ، ئۆزۈم يالغۇز كىچىكرەك بىر شىركەتنىڭ پۇلىنى تېپىۋاتاتتىم. بۇ يەردىكىلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇ كەسىپىم يالغۇز بۇ شەھەردىلا ئەمەس باشقا دۆلەتلەردىمۇ ئەتىۋارلىق كەسىپمىش، ئاڭلىسام ئامېرىكىدا ئەسكى چېلەكنى تاراڭلىتىپ ئولتۇرسىمۇ نۇرغۇن پۇل تاپقىلى بولارمىش. ئەگەر مەندەك بىر ئۇستا ساپايىچى ئامېرىكىغا

بىرىپ قالسام چوقۇم نۇرغۇن پۇل تاپالىشىم مۇمكىن. شۇڭا ئامېرىكىنىڭ پاسپورتىنى ئالدىم، يېقىندا ئۇچماقچى، نېمە؟ كەلگۈسىدە ئامېرىكىلىقلار ئاي شارىغا چىقىپ كەتسە كىمـ. لەرگە سايايە چېلىپ بېرەرسەن، دەمسەن؟ خاتىرجەم بول، ئاي شارىغا چىقىدىغانلارغا پاسپورتنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تارقىتارمىش، چوقۇم ئۇ يەرگىمۇ بارالايمەن، خەير، ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز، ئالاھىدە ئەھۋال بولسا يەنە خەت يا. زارمەن...

قۇتلۇقتىن كەلگەن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ تۇرسام ئىشخا. نىنىڭ كارىدورىدا تۇيۇقسىز بىرىنىڭ سايايى چېلىپ ھۆك. مەت ئوقۇۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ قالدى. ئىشخانىدىكىلەر:

— نېمە ئىش بۇ؟ تىلەمچىلەر ئەمدى ئائىلىلىكلەردىن ئىشخانىغا يۆزلەندىمۇ نېمە، — دەپ غۇدۇراشقا باشلىدى.

— ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار، — دېدىم مەن ئۇلارغا قاراپ، — بەزىلەر ئاي شارىدا سايايە چېلىشقا تۇتۇش قىلىۋاتىدۇ.

بۇ سۆزۈمدىن ھەيران قالغان ئىشداشلىرىم مېنى «سا. راڭ» دەپ قويۇپ ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇپ كېتىش. تى. يېقىن بىر خىزمەتدىشىمنىڭ دەپ بېرىشىچە، يېقىندىن بېرى مەركىزىي نېرۋامدىن چاتاق چىققانمىش، پات ـ پات ئالىتاغىل سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانمىشمەن...

# هەرە غوۋغاسى

زامانىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەبىئەت دۇنيا-
سىدا كىشى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئاپەتلەر كەينى -
كەينىدىن يۈز بېرىشكە باشلىدى. چېكەتكە ئاپىتى، قۇرغاق-
چىلىق ئاپىتى، كەلكۈن ئاپىتى، چاشقان ئاپىتى، قۇرت
ئاپىتى، كېپىنەك ئاپىتى، مۇشۇك ئاپىتى، ئىت ئاپىتى،
بوران ئاپىتى دېگەنلەر ئاز كېلىۋاتقاندەك، يېقىندا بىزنىڭ
يېزىدا يەنە هەرە ئاپىتى يۈز بەردى.

بۇ يىل يېزىمىزدا يەل - يېمىش ئاجايىپ ئوخشىدى.
باغۋارانلارنىڭ هەممىسى يەل - يېمىش بىلەن كۆمۈلۈپ
كەتتى. قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈجمە،
شاتۇت دېگەنلەرنى بىكارغا يەيدىغانغىمۇ ئادەم يوق. مېۋىلەر
سېسىپ، ئەتراپنى بەتبۇي پۇراقلار قاپلاپ كەتتى. بۇ ئاز
كەلگەندەك هەربىر تال مېۋىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ قورساق
تويغۇزۇپ بايرام قىلىۋاتقان هەرىلەر كۈنىگە نەچچە ئون
ئادەمنى چېقىۋېلىپ قاش - قاپاق، كۆزلىرىنى هۆررەك -
هۆررەك ئىششىتىپ قوياتتى. بۇنداق ئەهۋاللار كۆپىنچە
ئۆششاق، كەپىسىز باللاردا كۆپرەك كۆرۈلەتتى. چۈنكى،
كەپسىز باللار دائىم دېگۈدەك هەرىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا ياغاچ
تىقىپ ئوينىغاچقا، ئۇۋىسى بۇزۇلغان هەرىلەر ئۇلارنى قوغ-
لاپ يۈرۈپ چېقىۋالاتتى.

ھەرە دېگەنمۇ ئاجايىپ سىرلىق نەرسە، ئۇنىڭدىن ھەممە ئادەم قاچىدۇ. بىراق ئۇ ئۆزىگە چېقىلمىغان ئادەمگە چېقىلـ-ـمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلەشكەن، ئۇۋۇسىنى بۇزغان، ئارا-ـمىغا تەسىر يەتكۈزگەن كىشىلەرنى قاچان، قەيەردە بولمىـ-ـسۇن، ھامان چاقماي قويمايدۇ. بىراق، نەچچە يۈز ھەرە بىر ئۇۋىدا تۇرۇپمۇ بىر - بىرىنى چېقىشمايدۇ، ئىناق ئۆتىدۇ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىدۇ. بەزىدە «بىز ئىنسانلاردىمۇ مۇشۇ ھەرىچىلىك ئەقىل - ئىدراك بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى» دەپ ئويلاپمۇ قالىمەن.

ئاللىقانداق بىر سەۋەب بىلەن يېزا باشلىقى ۋەزىپىسىـ-ـدىن قالدۇرۇلىۋېدى، ئۇنىڭ ئورنىغا يېزا باشلىقى بولىمىز، دەپ باش تارايدىغانلار كۆپىيىپ، ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىدەك ھەر يان پېتىراشقا باشلىدى. ھەتتا بىر - بىرىگە نەشتەر سانجىشقا باشلىدى. باش تارىغانلار ئىچىدە يېزىلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ھاشىم كۆك كۆز، مۇئا-ۋىن يېزا باشلىقى ياسىن كاناي (ئىلگىرى يېزىلىق رادىئو ئۆزېلىدا ئىشلىگەچكە كىشىلەر شۇنداق ئاتايتتى)، تەشكىلات كادىرى قاسىم قوتاز، شىپاخانا باشلىقى ساۋۇر سېرىق، ساقچىخانا باشلىقى توختى قىسماق، قىرتاش كەنتىنىڭ مۇدى-ـرى مامۇت كاجىـۋالارنىڭ نوپـۇزى يۇقـىرى بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىگە يول بەرمەي ھەر تەرەپكە قاتىرىشىۋاتاتتى. ھازىرچە كىمنىڭ يېزا باشلىقى بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمىسىمۇ، يېزا باشلىقى نامزاتىنى بېكىتىش ھوقۇقىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك ھېلىقى كادىردا ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى.

يېزىمىزدا سامساق سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان

مەخمۇت دەيدىغان بىر ئاغىنەم بار. گەرچە ئۇ تەشكىل ئو-
يۇشتۇرغان يىغىنلارغا قاتناشمىسىمۇ، «ب د ت» نىڭ ئىش-
لىرىدىن تارتىپ يېزىمىزدا بولىدىغان ئىشلارغىچە بىلىپ
تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ نەچچە ئورام سامساقنى كۆتۈرۈۋېلىپ
«سامساق ساتىمەن، سامساق!» دەپ ۋارقىراپ، شۇجىنىڭ
ئىشخانىسى بولامدۇ، ھاكىمنىڭ ئىشخانىسى بولامدۇ، ئۇ-
سۇپ كىرىۋېرەتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئاڭلىۋال-
غان خەۋەرلەرنى كوچىغا ئاچىقىپ تارقىتاتتى. بۇ خەۋەرلەر-
نىڭ تولىسى راست بولۇپ چىقاتتى، شۇڭا بىز ئۇنى بەزىدە
مەخمۇت چاڭۋي دېسەك، بەزىدە مەخمۇت سامساق دەپ ئاتى-
شاتتۇق. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر ھەرە ئاپتى يۈز بەرگەن
يالغۇز بىزنىڭ يېزىلا بولماستىن، قوشنا ناھىيىلەرنىڭ ئاي-
رىم يېزىلىرىدىمۇ ھەرە ئاپتى يۈز بەرگەنمىش. نەچچە ئون
ئادەم ھەرە چېقىۋېلىپ ئۆلگەنمىش، نەچچە ئون ئادەم دوخ-
تۇرخانىدا يېتىپ قالغانمىش، بەزى كىشىلەر ھەتتا ساراڭ
بولۇپ قالغانمىش، يەنە تېخى پالەچ بولۇپ يېتىپ قالغىلى
ئوتتۇز يىل بولغان ئاتمىش ياشلىق بىر كىشىنى ھەرە چېقى-
ۋېلىپ كېسىلى ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنمىش...

مەخمۇت سامساقنىڭ بۇ سۆزلىرى يېزا تەۋەسىگە تارقى-
لىۋىدى، ھەممە ئادەم ساراسىمىگە چۈشتى. چۈنكى، بىزنىڭ
يېزىدىمۇ ھەرە كۆپىيىپ، ھاجەتخانا، ئېغىل - قوتان،
باغۋاران، ئېتىز - ئېرىق، ھەتتا يېتىپ - قوپىدىغان
ئايۋان - سارايلار، تەكچە، ساندۇق، ئىشكاپلاردىمۇ ھەرىلەر
كۆنەك تۇتۇپ تېز كۆپىيىۋاتاتتى. يېزا تەۋەسىدىكى ھەممە
ئادەم ھەرە چېقىۋېلىشتىن قورقۇپ ئىشتانلىرىنىڭ پۇچقاقلى-
رىنى، چاپان - كۆڭلەكلىرىنىڭ يەڭ - تۇگمىلىرىنى چىڭ

ئېتىپ يۈرگەندىن باشقا، يۈز - كۆزلىرىنى يۆگەپ، قوللىرىغا پەلەي كىيىۋېلىشقانىدى.

بۇ ئاپەت ناھىيىدىن چىقىپ يېزىمىزدا نۇقتىدا تۇرۇۋاتقان ھېلىقى كادىرنى خېلى ئالدىرىتىپ قويدى. ئۇ ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئېتىز بېشىغا چىقىۋالسا، گۇگۇم چۈشكەندە ياتىقىغا قايتاتتى. يېزا باشلىقى بولىمىز دەپ باش تاراۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۇچۇن پايپېتەك بولۇشۇپ، ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالغانىدى.

بۇگۈن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ يىغىن زالىدا ھەرە ئاپىتىگە قارشى تۇرۇش قوماندانلىق شتابىنىڭ سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلدى. ياسىن كاناي، قاسىم قوتاز دېگەنلەر «باش قوماندان» نىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ، قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇۋاتاتتى. بىرى چاي قۇيسا، بىرى تاماكا تۇتاتتى. بىرى يىغىندا پاراڭ سېلىپ ئولتۇرغانلارنى ئەدەپلىسە، بىرى كېچىكىپ كىرگەنلەرنى تەنقىدلەيتتى. مامۇت كاجىۋا بولسا «باش قوماندان» نىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى ئۇچۇن (چاۋاك چېلىشقا تېگىشلىك بولسۇن - بولمىسۇن) چاۋاك چېلىپ، يىغىن مەيدانىنى قىزىتىۋاتاتتى.

يىغىن ئاخىرىدا ياسىن كاناي، قاسىم قوتاز، توختى قىسماق، مامۇت كاجىۋا قاتارلىق يەتتە كىشى قوماندانلىق شتاب ئەزالىقىغا كىرگۈزۈلدى. ھەرە ئاپىتىنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈپ، خەلقنىڭ ھايات - ماماتىنى قوغداپ قېلىش ئۇچۇن، يېزا بويىچە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممە ئادەمنىڭ ھەرە يوقىتىش جېڭىگە قاتنىشىشى چاقىرىق قىلىندى ۋە ھەربىر ئادەمگە ھەر كۈنى يۈز دانىدىن ھەرە تۇتۇپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈش ۋەزىپىسى يۈك-

لەندى. مانا شۇنىڭدىن بېرى، ئىلگىرى سانى كۆپ بولسى-
مۇ، تىنچ - خاتىرجەم ياشاۋاتقان ھەرىلەرنىڭ ئۇۋىسى بۇزۇ-
لۇپ پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى. ھەممە ئادەم ھەرە ۋەزىپى-
سىنى ئورۇندىيالماي جەرىمانە تۆلەشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن
ھەرقانداق ئاقىۋەتكە تەۋەككۇل قىلىپ ھەرە ئۇۋىسىغا بىمالال
قول سېلىۋېرەتتى. كۈندىلىك ھەرە ۋەزىپىسى كۈندىلىك
ئۆتكۈزۈۋېلىناتتى. بىر تال ھەرە كەم چىقسا بىر يۈەن جەرى-
مانە ئېلىناتتى. ھەرىلەرنى يوقاتقانسېرى تېز سۈرئەتتە كۆ-
پىيىۋاتاتتى، ھەتتا يېزا تەۋەسىدە كىشىلەر ئىلگىرى كۆرۈپ
باقمىغان قىزىل ھەرە، قارا ھەرە، سېرىق ھەرە، ھەتتا كۆك
ھەرىلەرمۇ پەيدا بولغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق ئارىسىدا
«قارا ھەرە چېقىۋالغان ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەيدىغان قور-
قۇنچلۇق سۆزلەر بولغاچقا، كىشىلەر ئۆلۈمدىن قورقۇپ بىر
قىسىم ھەرىلەرگە چېقىلالمايتتى، يەنىلا ھەرە كۆنەكلىرىدى-
كى كۆنەكتىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان ھەرە لىچىنكىلىرىنى،
زەھەرلىك دورىنىڭ تەسىرىدە ئۆلگەن ھەرىلەرنى ھېساباتقا
ئۆتكۈزەتتى. يېزا مەركىزىدىكى كىچىك بازارنىڭ سودا -
سېتىق ئىشلىرىغا ھەرە سودىسى قوشۇلدى. ھەرە ساتقۇچىلار
ھەرىلەرنى رەڭگى، چوڭ - كىچىكلىكى، ئۆلۈك - تىرىكلى-
كىگە قاراپ چوڭ - كىچىك شېشىلەرگە قاچىلاپ بازار
دوقمۇشىغا تىزىۋەتكەنىدى. دېھقانلار بۇ ھەرە ساتقۇچىلارنىڭ
قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، ھەرىلەرنى قەيەردىن ئەكەلگەنلىكى-
نىمۇ بىلىشمەيتتى، بىلىشنىمۇ خالىمايتتى. بۇ بازاردا ھەر
كۈنى مىليونلاپ ھەرىلەر دېھقانلار تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ،
يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈلەتتى.
دېھقانلار ھەرە ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنداۋاتقان بولسى-

مۇ، يېزا تەۋەسىدە ھەرىلەرنىڭ ئازايماستىن كۈندىن - كۈنـ
گە كۆپىيىۋاتقانلىقىنى سەزگەن باش قوماندان بۇگۈن يېزا
تەۋەسىنى ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن قىرتاش كەنتىگە قاراپ
يولغا چىقتى. ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق ئىدى. كېۋەزلىكنى
ئايلىنىۋاتقان باش قوماندان تەرلەپ تۇرالماي ئىشتىنىنىڭ
پۇچقىقىنى يېشىۋەتتى. ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىدىن غۇيۇلداپ
كىرىۋاتقان سوغۇق نەم ھاۋا باش قوماندانىنىڭ پۇتۇن بەدىنىـ
نى راھەتلەندۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا قاسىم قوتاز بىر
ساندۇق مىنېرال سۇنى تەرلەپ - تەپچىپ باش قوماندان
قەيەرگە بارسا شۇ يەرگە كۆتۈرۈپ باراتتى. باش قوماندانىنىڭ
بوتۇلكىسىدىكى مىنېرال سۇ يېرىملاشقۇچە يەنە بىرىنى تەڭـ
لەپ تۇراتتى. كەنت باشلىقى مامۇت كاجىۋامۇ سېھىر ئىشـ
لەتكەندەك پات - پات يېڭى ئۈزۈلگەن قوغۇن، خوندەك
ئۆرۈكلەرنى پەيدا قىلىپ تەڭلەپ تۇراتتى. مۇشۇ كېۋەزلىكـ
تىمۇ ھەرىلەر تېز كۆپىيىۋاتاتتى، بىراق كېۋەزلىكتە ھەرە
پەيدا بولغاندىن بۇيان كېۋەزلەرگە تەھدىت سېلىۋاتقان
قۇرت، كېپىنەكلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. باش قوماندـ
دان ئاپەتكە ئايلانغان بۇ ھەرىلەرنىڭ يېزىنىڭ بۇ يىللىق
پاختا مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشقا يوشۇرۇن كۈچ چىقىرىۋاتقانـ
لىقىنى پەملىدى بولغاي، كۆڭلىدە كېۋەزلىكتىكى ھەرىلەرـ
نى يوقاتماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چىقىرىشنى ئويلىدى.
ئۇلار ھېرىپ كەتكەنىدى. شۇڭا بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىش
ئۈچۈن، چەكسىز كەتكەن كېۋەزلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر
توپ قېرى ئۈجمىنىڭ سايىسىنى نىشانلاپ ماڭدى. تۇيۇقسىز
باش قوماندان غەيرىي بىر تاۋۇشتا «ۋايجان!» دېگىنىچە
چاترىقىنى تۇتۇپ تولغىنىپ كەتتى. ئەتراپتىكىلەر نېمە ئىش

بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرغاندا، باش قوماندان ئىشتىنىد-
نىڭ ئىچىدىن بىر تال ھەرىنى چىمدىپ ئالدى، ھەرە ئۇنىڭ
ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىدىن كىرىپ، جان يېرىنى چېقىۋالغاند-
دى. ھەممەيلەن پاتىپاراق بولۇپ كېتىشتى. مامۇت كاجىۋا
بۇ كېلىشمەسلىكنى كۈتۈپ تۇرغاندەك دېدى:

— ئەستا، ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، ئەجەب چوڭ ھەرە
ئىكەن بۇ، توختاڭ، مەن بىر ئامالىنى قىلاي، ھە تاپتىم،
ھەرە چاققان يەرگە تىغ سۇركىسەك ئىششىمايدۇ، تېز ساقد-
يىدۇ، — ئۇ باش قوماندانىنى يۆلەپ قېرى ئۇجمىنىڭ دالدى-
سىغا ئۆتكۈزۈپ، ئىشتىنىنى سالدۇردى - دە، ئەتىگەندىن
بۇيان باش قوماندانغا قوغۇن تىلىپ بېرىۋاتقان پىچىقىنى
يانپېشىدىكى نەقىشلىق غىلىپىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ «يا بىس-
مىللاھىر رەھمانىررەھىم، يا شىپا، يا داۋا» دەپ پىچاقنىڭ
دۈمبىسىنى باش قوماندانىنىڭ ھەرە چېقىۋېلىپ يىڭنىنىڭ
ئۇچىدەك قىزىرىپ چىققان يېرىگە سۇركەشكە باشلىدى. باش
قوماندانىنىڭ جان يېرىنى ھەرە چېقىۋېلىشى ئەتراپتا تۇرغانلا-
رغا ئۇنىڭ ئۇچۇن خىزمەت كۆرسىتىدىغان پۇرسەت ئىدى.
مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ياسىن كانايمۇ جىددىيلىشىپ:

— ھەرە چېقىۋالغان يەرگە تىغمۇ سۇركىدۇق، بىراق
مەندە ھەرە چېقىۋالغان يەرنى داۋالايدىغان، بوۋامنىڭ بوۋد-
سىدىن قالغان، ھازىرغىچە ھېچكىمگە دەپ بەرمىگەن بىر
مەخپىي رېتسېپ بار، شۇنى ئىشلىتىپ باقايلى، — دېدى.
ئۇ كېۋەزلىكنىڭ قىرىنىڭ ئۇستىدىن چىنىنىڭ ئېغىزىچىد-
لىك يەرنى كولاپ، قولىدىكى مىنېرال سۇ بىلەن خۇددى
ئايالى لەڭمەن خېمىرى يۇغۇرۇۋاتقاندەك تۇجۇپىلەپ لاي ئې-
تىشكە باشلىدى. ھەرە چېقىۋالغان يەرگە لاي ئېتىپ سۇۋىسا

ئىششىمايدىغان بۇ رېتسېپنى ھەممە كىشى بىلسىمۇ، ياسىن
كانايىنىڭ «مەخپىي رېتسېپ» دېگەن سۆزىگە ھېچكىم بىرنې-
مە دېيەلمىدى.

مانا باش قوماندانىنىڭ ھەرە چېقىۋالغان يېرىگە لايمۇ
چاپلاندى. مامۇت كاجىۋانىڭ باش قوماندانىنىڭ ھەرە چېقى-
ۋالغان يېرىگە ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق پىچىقىنى سۇركۈشى،
ياسىن كانايىنىڭ مىنېرال سۇ بىلەن لاي ئېتىپ سۇۋىشىنى
كۆرۈپ تۇرغان توختى قىسماق ئۆزىگە ھېچقانداق ئىش قال-
مىغانلىقىنى، بىراق مۇشۇ يەردە بىرەر خىزمەت كۆرسەتمى-
سە، ئۆزىنىڭ يېزا باشلىقى بولۇش ئىشىنىڭ سۇغا چىلىشى-
دىغانلىقىنى پەملىدى -دە، چاپانىنىڭ ئىچىدىن قولتۇقىغا
ئېسىۋالغان تاپانچىسىنى چىقىرىپ، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ھە-
رىلەرگە قارىتىپ «پاڭ - پۇڭ» قىلىپ بىرنەچچە پاي ئوق
چىقىرىۋەتتى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ
باقمىغان دېھقانلار بۇ ئوق ئاۋازىدىن چۆچۈپ كېتىشتى بول-
غاي، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ ئالاقزادە بولۇپ ئەتراپقا
قاراشتى. باش قوماندان تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ يېزى-
غا قايتقۇچە، ئۇنىڭ جان يېرىنى ھەرە چېقىۋالغانلىقى توغ-
رىسىدىكى خەۋەر ھەش - پەش دېگۈچە پۈتۈن يېزىغا پۇر
كەتتى. شىپاخانا باشلىقى ساۋۇر سېرىق باش قوماندانىنى
داۋالاش ئۈچۈن مەخسۇس كارىۋات تەييارلاپ قويۇپ، يېزى-
لىق ھۆكۈمەت ئالدىدا ساقلاپ تۇردى. يىراقتىن باش قومان-
دانىنىڭ ماشىنىسىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەن ساۋۇر سې-
رىق ۋە ئۇنىڭ يېنىدا نوسۇلكا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئىككى
كىشى تەڭلا ماشىنا ئالدىغا يۈگۈرۈشتى. شوپۇر جىددىيلە-
شىپ كېتىپ، ماشىنا تورمۇزىغا قاتتىق دەسسىۋەتتى. باش

قوماندان ماشىنىنىڭ ئەينىكىگە ئۇسۇۋالدى. ئۇنىڭ چېكە تېرىسى سۈرۈلۈپ قان چىقىشقا باشلىغانىدى. بۇنى كۆرگەن ساۋۇر سېرىقنىڭ چىرايى خەسىدەك ئاقىرىپ كەتتى. ئۇ تېخىمۇ بەك جىددىيلىشىپ، يېنىدا تۇرغانلارغا بۇيرۇق قىلدى:

— باش قوماندانىنى نوسۇلكىغا سېلىپ، تېز دوختۇرخا-نىغا ئاپىرىڭلار!

ئېسىنى يوقاتقان باش قوماندان ھەش - پەش دېگۈچە نوسۇلكىغا سېلىنىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ مېڭىلدى.

ئۇ دوختۇرخانىنىڭ ئاپئاق سىرلانغان ياتىقىدا ئېسىگە كەلدى. ئاق خالات، ئاق بۆك كىيگەن بىرنەچچە سېستىرا ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. ساۋۇر سېرىق بولسا ئۇنىڭ ئەترا-پىدا پايپېتەك بولۇپ، بىردەم قىزىتمىسىنى تەكشۈرسە، بىردەم تومۇرىغا تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان زەھەر قايتۇرغۇچى ئوكۇلنىڭ سۈرئىتىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. باش قوماندان ئۆزىنىڭ دوختۇرخانىغا قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي ساۋۇر سېرىققا تىكىلدى. باش قوماندانىنىڭ مەقسىتىنى چۈ-شەنگەن ساۋۇر سېرىق دۇدۇقلاپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— بۇ... بۇما... مۇنداق ئىش ئىدى. سىلىنى ھەرە چېقىۋاپتۇ. شۇڭا بالنىستتا ياتقۇزمىساق ئەھۋال چاتاق، كۆرۈپ تۇرۇپلا، مۇشۇ دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقانلارنىڭ توق-سان پىرسەنتى ھەرە چېقىۋېلىپ داۋالىنىۋاتقانلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىلىنىڭ زەخىملەنگەن باشقا جايلىرىمۇ بار. شۇ-ڭا بىر - ئىككى كۈن يېتىپ داۋالانمىسىلا بولمايدۇ (دەرۋەقە باش قوماندانىنىڭ پېشانىسىدىكى يارا چوڭ بولمىغىنى بىلەن

يارنى ۋە ھەرە چېقىۋالغان يەرنى تاڭغان تېڭىق چوڭ ئىدى)
ئۆزىنىڭ راستىنلا ئېغىر زەخمىلەنگەنلىكىگە ئىشەنگەن باش قوماندان بىرنەچچە كۈن يېتىپ داۋالىنىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، شۇك بولۇپ قالدى.
باش قوماندانىنىڭ بالنىستتا يېتىپ قالغانلىقىغا ئۈچ كۈن بولۇپ قالدى. ئۇنى يوقلايدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈل-مەكتە يوق بارغانسېرى كۆپەيدى. باش قوماندان ئۈچۈن بوشتىلغان يەنە بىر ئۆيمۇ سوۋغا ـ سالاملار بىلەن توشۇپ كەتتى. يىغىلغان سوۋغا ـ سالاملار ئىچىدە قەنت ـ ناۋات، پېچىنە ـ پىرەنىك، كونسېرۋا دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. پەقەت تىرىك قوي، ھەر خىل ئەتىۋارلىق ئۆي قۇش-لىرىنىڭ گۆشى، ئالىي دەرىجىلىك ھاراق ـ تاماكا، قىممەت باھالىق رەخت، نەق پۇل قاتارلىق سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئۆي ئىچى لىق توشۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن سىرت، يېزا باشلىقى بولىمىز دەپ باش تاراۋاتقانلارمۇ سوۋغا ـ سالام ئەكېلىپ كېسەل يوقلىغاندىن باشقا، يەنە ئايرىم ئىلتىپاتلار-نى كۆرسىتىۋاتاتتى. تەشكىلات كادىرى قاسىم قوتاز ناھىيە-لىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە يېزىدا ئۇقتىدا تۇرۇپ ھەرە يوقىتىش جېڭىگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان باش قوماندانىنىڭ ئالدىنقى سەپتە ھەرىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ يارىدار بول-غانلىقى توغرىسىدا دوكلات يېزىپ يوللىدى. ساقچىخانا باش-لىقى توختى قىسماقمۇ باش قوماندانغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، باش قوماندانىنى ھەرە چېقىۋالغان كېۋەز-لىكنىڭ ئىگىسىنى «ھەرە يوقىتىش جېڭىدە پاسسىپلىق قى-لىپ، ئېتىزلىقىدا ھەرە كۆپىيىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ھەرىلى-رى باش قوماندانىنى چېقىپ ئېغىر يارىلىنىش ۋەقەسىنى پەيدا قىلغان» دەپ دېلو تۇرغۇزۇپ، تۇتۇپ سولاپ قويدى ۋە بۇ دېلونى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىغا

مەلۇم قىلدى. ئۇنىڭسىزمۇ ساقچىخانىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئازدەك، بىر كېچىدىلا ماموت كاجىۋانىڭ ئوڭ قولىقى نامە- لۇم كىشىلەر تەرىپىدىن كېسىۋېتىلىشتەك غەلىتە دېلو يۈز بەردى. مانا ئەمدى قولاق كەسكۈچىنى تاپىدىغان ئىش توختى قىسماقنى خېلى تەمتىرىتىپ قويدى. چۈنكى، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىپ، ئەگەر بىر ھەپتە ئىچىدە قولاق كەسكۈچىنى تۇتالمىسا، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

بۇگۈن قىرتاش كەنتىنىڭ مۇدىرى ماموت كاجىۋا كې- سىۋېتىلگەن ئوڭ قولىقىنىڭ ئورنى ئاق پلاستىر بىلەن تېڭىلغان ھالەتتە باش قوماندانىنى ئالاھىدە سوۋغا ـ سالاملار بىلەن يەنە بىر قېتىم يوقلاپ كەلدى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلەر ئىچىدە ئۇنىڭ يېزا باشلىقى بولۇشىنى قوللايدىغان يېقىنلىرىدىن باشقا قوشنا كەنتلەردىكى كاتتىۋاشلارمۇ بار ئىدى.

ماموت كاجىۋا ئەكەلگەن سوۋغاتلار ئارىسىدىن پىشىق گۆش بىلەن ناۋاتتەك تاتلىق پىشقان كۆكچىنى ئېلىپ توم- پۇچكا ئۈستىگە قويدى ـ دە، ھېلىقى پىچىقى بىلەن گۆشنى پارچىلاپ، كۆكچىنى تىلدى ۋە باش قوماندانىنى يېيىشكە زورلىدى. پىچاقنىڭ باش قوماندانىنىڭ ھەرە چېقىۋالغان يېرىگە سۈركەلگەنلىكىنى بىلگەنلەر باش قوماندانىنىڭ زور- لاشلىرىغا يۈز كېلەلمەي، گۆش، قوغۇنلارنى قولىغا ئېلىش- تى ـ دە، ئامالسىزلىقتىن بىرەر لوقمىدىن ئېغىزىغا سې- لىشتى. ئىچىدە بولسا مۇشۇنداق مەينەت پىچاقتا قوغۇن تىلىپ، گۆش پارچىلىغان ماموت كاجىۋانى مىڭ-نى تىللاشتى.

بۇ ئىش شۇ كۈنىلا پۈتكۈل يېزىغا پۇر كەتتى. ھېلىقى يېزا باشلىقى نامزاتىنى تالاشقۇچىلار خۇددى ئالتۇن تېپىۋال-

غاندەك خۇش بولۇپ، بۇ خەۋەرنى ئېقىتماي ـ تېمىتماي باش قوماندانغا يەتكۈزدى. باش قوماندان بىردەم زۇۋان سۈرمەي جىمجىت ئولتۇردى ـ دە، تۇيۇقسىز قاتتىق «هۆ» قىلىپ ياندۇرۇۋەتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ يېگەن قوغۇن، گۆشلەرنىڭ ھەممىسىنى قۇسۇۋەتكەندەك قىلاتتى.

باش قوماندانىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىپلا بىرىنچى بولۇپ قىلغان ئىشى مامۇت كاجىۋانى قىرتاش كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىدىن ئېلىۋېتىش بولدى. بۇ كۈتۈلمىگەن زەربىدىن ئۆندەرىگەن مامۇت كاجىۋا بىرنەچچە دەقىقە بۇتتەك قېتىپ تۇردى ـ دە، تۇيۇقسىز ھەرە چېقىۋالغان كىچىك بالىدەك چىرقىراپ تاشلىدى. ئۇنىڭ بۇ چىرقىرىشى خېلى ئۇزۇنغىچە بېسىقمىدى. ئەتىسى يېزا بازىرىدا «مامۇت كاجىۋانى ئېلىشىپ قاپتۇ، قىپيالىڭاچ بولۇۋېلىپ، جان يېرىگە پىچاقنىڭ دۈمبىسىنى سۈركەپ يۈرگۈدەك» دېگەن گەپلەر تارقالدى.

مانا بۈگۈن يېزا مەركىزىدىكى كۆۋرۈك بېشىدا قارتا ئويناپ كۈن ئۆتكۈزىدىغانلارغا يەنە كىملەرنىڭ يېزا باشلىقى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتقاندا، ھېلىلا شەھەردىن چىققان مەخمۇت سامساق بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، يېزىغا باشقا يۇرتتىن ياش بىر كادىر يېزا باشلىقى بولۇپ كېلەرمىش، ئۇنىڭ شەھەردە نەچچە يەردە زاۋۇت ـ كارخانىسى بار ئىكەن، پۇلى كۆپ، كۆز ـ قارنى توق كىشىمىش، پارا، سوۋغا ـ سالام ئالمايمىش...

ئولتۇرغانلار «ئىلاھىم، مەخمۇت سامساقنىڭ سۆزلىرى راست چىققاي!» دەپ دۇئا قىلىپ، قوللىرىنى يۈزلىرىگە سۈركەشتى.

# سالامگۈل

قىشلىق تەتىل ۋاقتىنىڭ تۇشۇشى بىلەن جاپپار مۇئەل-
لىم ئوقۇغۇچىلارغا يەنە گۈل داۋرىڭى سالغىلى تۇردى.
دېمىسىمۇ، ئوقۇغۇچىلار ھەر يىلى ئىككىنچى ئوقۇش مەۋ-
سۇمى باشلانغاندا ئادىتى بويىچە ئۆزلىرى تاپقان ئەسكى جا-
ۋۇر، كۇرۇشكا، پۇچۇق قاچا دېگەندەك نەرسىلەرگە تۈرلۈك
گۈللەرنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، سىنىپنىڭ دېرىزە تەكچىلىرى-
گە تىزىۋېتەتتى. ئەلۋەتتە بۇنداق گۈللەرنىڭ ھەممىسى دېگۈ-
دەك سەھراغا مۇناسىپ ھالدا تۈرلۈك ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ۋە
كۆكتاتلارنىڭ يىلتىزىدىن يېتىشتۈرۈلگەن بولاتتى.

بۈگۈن جۈمە. ئوقۇغۇچىلار ئادىتى بويىچە مەكتەپكە
بېرىپ ھەپتىلىك ئىشلىرىنى مۇئەللىمگە دوكلات قىلىشىدۇ،
تەتىللىك تاپشۇرۇقلىرىنىڭ چۈشىنەلمىگەن يەرلىرىنى سو-
رايدۇ. جاپپار مۇئەللىم سېرىق، كۆك كۆز، ئورۇق، ئېگىز
ئادەم ئىدى. ئۇ بۈگۈن ئادىتى بويىچە ئوقۇغۇچىلار بىلەن
بىرقۇر ئەھۋاللاشتى، كەلمىگەنلەرنى سۈرۈشتۈردى ۋە يەنە
دەرس باشلاشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق ئۇستىدە ئورۇنلاشتۇ-
رۇش قىلىشقا باشلىدى.

بۈگۈن ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلگەن بولۇپ، بىرەر ئىش
چىقىدىغاندەك تۇراتتى. ئۇ گېپىنى باشلاشتىن بۇرۇن چې-
كىپ يېرىملاشقان تاماكىسىنى سىلكىپ يەرگە تاشلىۋەتتى ۋە

ئەرزان باھالىق قەلىمىنى قولىغا ئالدى. دېمەك، ئۇ قەلەمنىڭ بۈگۈن تارىخىي ۋەزىپىسى ئاخىرلاشقانىدى. چۈنكى، جاپپار مۇئەللىم ئاچچىقى كەلسە قەلەم سۇندۇرىدىغان ئادىتى بولغاچقا، ئەنە شۇنداق ئەرزان باھالىق قەلەم ئىشلىتىپ كۆنۈپ قالغانىدى.

— ئۆتكەن مەۋسۇملۇق قىلىپ قالغان پۇلنى ئالغاچ كەلدۇقما؟!

ھېچكىم چالا قالغان پۇللارنى ئەكەلمىگەنىدى. ئوقۇغۇچىلار لام - جىم دېيىشمەي كەپتەرخانىغا مۈشۈك كىرگەندەك شۈك بولۇپ كېتىشتى. ئۇ ھەربىر ئوقۇغۇچىغا سىنچى كۆزى بىلەن تەكشى قاراپ چىقتى... ئۇنىڭ كۆپكۆك كۆزى ۋالىلداپ كەتتى. قەلىمىنىڭ ئۇچى مۇنبەرنىڭ ئۈستىگە كۈچەپ تىرەلدى. قەلەم كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە پارە - پارە بولۇپ كەتتى.

— نېمە گەپ بۇ؟! مەن ئوقۇش پۇلىنى تۆلەپ قويىدىغان داداڭلارمىدىم؟!

دېمىسىمۇ، جاپپار مۇئەللىمنىڭ ئاچچىقى يامان بولغىنى بىلەن ھەر يىلى بىر تاپشۇرۇپ بولالمىغان بىرمۇنچە پۇللارنى مائاشىدىن تاپشۇرۇپ قويۇپ كېلىۋاتاتتى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىشمۇ مۇئەللىمنىڭ ئۆز رازىلىقى بىلەن بولماستىن مەكتەپ مۇدىرىمىزنىڭ مۇئەللىمنىڭ مائاشىدىن زورمۇ زور تۇتۇۋېلىشى بىلەن بولغانىدى.

— بۈگۈن كىتاب پۇلىنى ئەكېلەلمىگەنلەر ئورنىڭلاردىن تۇرۇپ مېنى دادا دېيىش. بولمىسا كىتاب پۇلىنى تاپشۇرۇش!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئابدۇسالامنىڭ چېكىسىدىن تەر قۇ-

يۈلۈپ كەتتى. دەرۋەقە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىك-كىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان باللاردا بۇنچىلىك گەپنىڭ ۋەزنىنى چۈشەنگۈچىلىك زېھىن يېتەرلىك ئىدى. مۇئەللىم دېگەن مۇئەللىم بولماي دادىنىڭ ئورنىنى باسالامتى! ...
ئەگەر ھۆرمەت يۈزىسىدىن مۇئەللىمنى دادا دېيىشكە توغرا كەلسىمۇ، جاپپار مۇئەللىمدەك ئادەملەرنى دادا دېيىش دادى-نىڭ يۈزىگە قارا سۈرتكەنلىك، ئاق سۈت بېرىپ باغقان ئانىغا ھاقارەت قىلغانلىق بولماسمۇ؟
ئابدۇسالامنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋېدى، تۇرغۇن دېگەن بالا چاپىنىنىڭ پېشىنى تارتىپ قويدى. بىراق ئابدۇسالام ئورنىدىن تۇرالمىغىنى بىلەن سى-نىپتا يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان بىر پاجىئە ئاخىرى يۈز بەردى. ئابدۇسالام ئورنىدىن تۇرالمىغىنى بىلەن سىنىپ-تىكى يولۋاس دېگەن بالا ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى. ئۇ مۇئەللىمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ مۇئەللىمگە سۆز ياندۇرۇشقا جۈرئەت قىلغانىدى.
— مۇئەللىم، بۇ قانداق گەپ ئۆزى، كىم سىزگە پۇلنى تاپشۇرالمايمەن دەپتۇ. ئەگەر ئاشۇنچىلىك پۇلنى تاپ-شۇرالمىغانغا سىزنى دادا دەيدىغان ئىش بولسا، مەن سىزنى دادا دەي. سىز مېنى...
ئۇ گېپىنى دەپ بولغۇچە مۇئەللىم ئۇنىڭ نېمە دەيدىغان-لىقىنى بىلگەندەك ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغانىدى. مۇئەل-لىم يولۋاسنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ سار چۈجە ئالغاندەك دەس كۆتۈرۈپ ئالدى ـ دە، ئۇدۇل دوسكا تۈۋىدىكى مۇنبەرنىڭ ئۈستىگە ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزدى. يولۋاسنىڭ يولۋاسلىقىمۇ بىر يەرلەردە قالغانىدى. ئۇنىڭ چىرايى خەسىدەك ئاقىرىپ

كەتكەن بولۇپ، يەنە تېخى قورقۇنچتىن مۇنبەرنىڭ ئۈستى-
گىمۇ سىيىۋەتكەنىدى. مۇئەللىم يولۋاسنى «مېنىڭ ئورۇن-
دۇقۇمغا سىيىپ قويدۇڭ» دېگەننى باھانە قىلىپ كاچىتىغا
بىر نەچچىنى سېلىۋەتتى. يولۋاسنىڭ بۇرنىدىن چىققان
پوتلا - ماڭقىسى بىلەن بىرمۇنچە قان بىرلىشىپ كىشىنىڭ
كۆڭلىنى ئېلەشتۇرۇپ سىنىپتىكى ھەممىمىزنى ھۆ قىلدۇ-
رۇۋەتتى. يولۋاسمۇ مۇئەللىمگە يانغانغا توۋسىنى يەپ مۇن-
بەرگە قاتتىق تەگكەنلىكتىن ئازراق زەخىملەنگەن سۆڭگىچى-
نى سۆرىگىنىچە ئۆز جايىغا بېرىپ ئولتۇردى.
— سىلەرمۇ بىلىسىلەر، يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلان-
غاندا ئادىتىمىز بويىچە ھەربىر ئوقۇغۇچى بىر تەشتەكتىن
رەسمىي گۈل ئەكېلىشنى ئۇنتۇپ قالمايلى. ئەگەر رەسمىي
گۈل ئەكەلمەي ئۆزى خالىغانچە ھەررەڭ - سەررەڭ بىر
نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگۈچىلەر چوقۇم بىر تەشتەك گۈل
ئۈچۈن بەش يۈەندىن پۇل تاپشۇرۇشى كېرەك.
يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇ-
ئەللىم ئۈچۈن ئىجرا قىلمىسا بولمايدىغان سىياسەت بولغىنى-
غا ئوخشاش، جاپپار مۇئەللىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ بىز
ئۈچۈن بىر سىياسەت ئىدى. ئۇنى ئىجرا قىلماسلىققا ھېچ-
قايسىمىزنىڭ ھەددىمىز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ-
رۇنقىدەك گۈل ئورنىغا بىرەر تۈپ كۆكتات كۆتىگىدەك بىر
نەرسىلەرنى ئەكېلىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايتتى. بۇنى قانداق
قىلىش كېرەك؟
تاڭ سۈزۈلمەستە «دۆڭئۆستەڭ» يېزىسىغا تەۋە قوم-
كۆل كەنتىدىن سۇ چىقىپ تۇرىدىغان ئاشۇ بىر ھارۋا جىگدە
ئوتۇننى ئېلىپ شەھەرگە قاراپ يول ئالغان مەنسۇر ئاكى-

نىڭ پۈتۈن ئەس - خىيالى ئاشۇ بىر ھارۋا ئوتۇننى پۇل قىلىپ ئوغلى ئابدۇسالامنىڭ قىلىپ قالغان ئوقۇش پۇلى، كىتاب - ماتېرىيال پۇلىنى تاپشۇرۇشتا ئىدى.

قىرى ھاڭگىنىڭ نەچچە يەردە سۈيدۈك پۇراپ ئاسمانغا قاراپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئۇ كۈن چۈش بولاي دېگەندە ئاندىن شەھەرگە يېقىن يەردىكى ئۆستەڭ بويىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەر دېھقانلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئەرزىنىغا ئېلىپ - ساتىدىغان ئېلىپساتارمەنلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ، بەزىسى تېرە - ئۆچەي، بەزىسى بۇغداي - قوناق، بەزىسى توخۇ - كەپتەر، باچكا، تۇخۇم سورىشىپ دېھقانلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈ- رۈپ كېلىشەتتى. يەنە بەزىسى دېھقانلار ئېلىپ كىرگەن ئوتۇن - سامان، قوي - چارۋىلىرىنى نەچچە ئون يۈەن ئەرزىنىغا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن دېھقانلار بىلەن يەرگە شاپىلاق- لاپ سودىلىشاتتى. ئىشقىلىپ، بۇ كۆۋرۈك بېشىمۇ كىچىك بازارغا ئايلانغان بولۇپ، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، كالى- لارنىڭ مۆرەشلىرى، قويلارنىڭ مەرەشلىرى بۇ يەرنى خېلى ئوبدانلا قىزىتقانىدى.

بۇ چاغدا ئابدۇسالامنىڭ قوي كۆزلىرى كۆۋرۈك بېشىدا ئوتۇن ئالىمىز دەپ ساقلاپ تۇرۇشقان ناۋايلارغا ئاغدۇرۇل- دى. بىراق، بۇ ناۋايلار مەنسۇر ئاكىنىڭ ھۆل جىگدە ئوتۇ- نىغا قاراپمۇ قويۇشماي بەخىرامان تاماكىلىرىنى چېكىشىپ ئۆزلىرىنىڭ پاراڭلىرى بىلەن بولۇشۇۋاتاتتى.

مەنسۇر ئاكىنىڭ خىيالىمۇ بۇ بىر ھارۋا ئوتۇننى تۆت - بەش يۈەن ئەرزان ساتسىمۇ مۇشۇ يەردە سېتىپ ئېشەك ھارۋىسىنى دەڭدە ئامانەت قويۇپ سودىلىقىنى قىلىش ئىدى. ئۇلار مۇشۇ يەردە ھارۋىسىنى بىر چەتكە تارتىپ

قويۇپ سامان قاچىلانغان توۋرىنى ئىشەكنىڭ بېشىغا كىيدۈ-رۈپ ئىشەكنى ئوتقا قويۇشقاندىن كېيىن، ئۆستەڭدىكى لاي سۆرەپ ئېقىۋاتقان ئەتىيازنىڭ مۇزدەك سۇيىدە يۈزىنى يۇ-يۇشتى ۋە بەلبېغىغا تۈگۈۋالغان زاغرىسى بىلەن ناشتا قىلىش ئۈچۈن هارۋىنىڭ يېنىغا زوڭزىيىشتى.

ئۇلار ناشتىسىنى قىلىپ بولغۇچە بىرەر كىم ئۇلار بىلەن سودىلاشمىدى. ئارىدىن يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، ئابدۇسالام ئوتۇننى تىزرەك پۇل قىلىپ شەهەرگە كىرىش ئۈچۈن ئويۇننى باهانە قىلىپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كۆۋرۈك بېشىغا باردى ـ دە، باشقىلارنىڭ سۆزىگىمۇ قوشۇلماي بىر چەتتە مۈگدەپ ئولتۇرغان بىر مويسىپىتنىڭ قېشىغا كەلدى.

— بوۋا، ئوتۇن ئالامسىز؟

بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئابدۇسالامغا قارىدى. بوۋاي-نىڭ قۇلىقى ئېغىر ئىدى.

— نېمە دېدىڭ؟!

— ئاۋۇ ئوتۇننى ئالامدىكىن دەپ كەلگەنىدىم.

ئابدۇسالام ئىشەك هارۋىسى توختىتىلغان تەرەپنى كۆر-سەتتى. بوۋاي هاسىسىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، هارۋىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئوتۇنغا بىر قاراپ قويۇپ ئۆز جايىغا كەتمەكچى بولدى.

— بوۋا، ئوتۇننى ئالمامسىز؟!

— مەن بۇنداق سۇ چىقىپ تۇرىدىغان هۆل جىگدە ئوتۇننى ئېلىپ خانىقادا داش قايناتمايمەن، بالام، مەن دېگەن ناۋاي، تونۇر ئاقارتىمەن.

بوۋاي يەنە يولىغا راۋان بولدى. ئابدۇسالام بوۋاينىڭ

چاپىنىنىڭ پېشىغا ئېسىلدى.
— بوۋا، خوش بولۇپ قالاي، بۇ ئوتۇننى ئېلىڭە!
بوۋاي ئابدۇسالامنىڭ كۆزىدىن چوشۇۋاتقان ئىككى تامـ-
چە ياشتىن تەسىرلەندىمۇ ياكى باشقا بىر خىيالغا كېلىپ
قالدىمۇ، بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئارقىسىغا
بۇرۇلدى. بوۋاي يەنە ئوتۇننىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىگە بىرقۇر
قاراپ چىققاندىن كېيىن:
— بولىدۇ، ئالسام ئالاي، كېيىنچە قۇرۇپ قالسا يەنە
ئەسقېتىپ قالار.
— دەڭە، قانچىگە ساتىسىز؟
مەنسۇر ئاكا بىردە هارۋىدىكى ئوتۇنغا، يەنە بىردە يېنىـ-
دىكى بوۋايغا قارىغاندىن كېيىن ئارتۇق گەپ قىلمايلا قىرىق
يۈەن باها قويدى.
— ئۇكاموي، ئاشۇ قىرىق يۈەننى تەڭ خەجلىمەيلىمۇ؟
— كەم بولار، ئاكا، ئوغلۇمنىڭ دەرس باشلايدىغان
ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئوقۇش قورالى ئېلىپ بەرمىسەم بولـ-
مايدۇ، بولمىسا بۇنداق هۆل ئوتۇننى شەهەردە سۆرەپ يۈـ-
رۈيدىغانلاردىن ئەمەستۇق.
— قانداق ئۇكا، ئەگەردە بىرەي دېسىڭىز مۇشۇ ئوغلـ-
ڭىزنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئېلىپ قوياي، بولمىسا كۆرۈپ تۇـ-
رۇپسىز، گۇڭگۇرتتەك ئوتۇنلار كىرىۋاتسا هۆل ئوتۇننى
ئېلىپ يۈرسەممۇ بولماس، — بوۋاي يەنە مېڭىشقا تەمشىلىۋېـ-
دى، ئابدۇسالام يەنە بوۋاينىڭ پېشىغا ئېسىلدى.
— بوۋا، يەنە بەش يۈەن قوشۇپ ئېلىڭە!
بوۋاي «قانداق بېرەمسىز؟» دېگەننى قىلىپ مەنسۇر
ئاكىغا قاراپ قويدى.

— بولدى، ئېلىڭە، بەرسەم بېرەي.

— ئەمىسە ھەيدەڭ! — بوۋاي چاپىنىنىڭ پېشىنى تۆ-زەشتۈرۈپ ئوتۇنىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. ئابدۇسالام ھارۋىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

بۈگۈن شەھەر ئىچىگە ئۇلاغ ھارۋىلىرىنى كىرگۈزمە-گىنى ئۈچۈن ئابدۇسالاملار ناۋاينىڭ ئۆيىگە ئارقا كوچىدىن شەھەرنى ئايلىنىپ كىرىشكە مەجبۇر بولۇشتى. ئۇلار شەھەر ئىچىگە كىرىپ بىر تار كوچىغا بۇرۇلغاندا، «ۋاڭ» قىلغان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ ھارۋىنىڭ كامېرى يەرنىڭ بىرمۇنچە توپىسىنى توزۇتۇپ يەرگە چاپلىشىپ قالدى. مەنسۇر ئاكا ھارۋىنى توختىتىپ ھارۋىنىڭ ئېتىلىپ كەتكەن چاقىنىڭ كامېرىغا قارىۋەتكەندىن كېيىن ھارۋا ئۈستىدە ئولتۇرغان بوۋايغا قارىدى. بوۋاي خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھارۋا ئۈستىدە گىدىيىپ ئولتۇراتتى. ئابدۇسالام بوۋاينىڭ ئولتۇ-رۇشىدىن، ئۇنىڭ مەيدىسىنى يېپىپ تۇرغان ئاپئاق ساقىلى-دىنمۇ گۇمانلىنىشقا باشلىدى، مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ ساقىلى ھېلىلا قايسىبىر گىرىمچى تەرىپىدىن يەملەپ قويۇلغان ئۆچ-كە تۈكىگە، ئۇنىڭ يۈزىدە جىلۋە قىلىپ تۇرغان نۇرمۇ خۇددى مەكتەپتىكى ھېلىقى خەنزۇ تىلىدىن دەرس بېرىدىغان خانىمنىڭ يۈزىگە سۇرتۇۋالغان مېيىغا، كۆزىنىڭ چۆرىسىدى-كى قورۇقلار بولسا خۇددى قېرىنداشتا سىزىپ قويغاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

مەنسۇر ئاكا بوۋايدىن كۆزىنى يۆتكەپ ھارۋىنى ھەيدەپ كەتتى. مانا ئەمدى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى ئوڭغۇل - دوڭ-غۇل كوچىلاردىن ھارۋىنى سۆرەپ مېڭىش قېرى ھاڭگىغا

تەس كېلىۋاتاتتى. ئۇلار تار، ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلاردىن ئۆتۈپ چوڭ مەسچىتنىڭ يېنىدىكى قارىداپ كەتكەن بىر ناۋايخانىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختاشتى. ناۋاي بوۋاي هارۋىدىن ناهايىتىمۇ ئېرەنچەكلىك بىلەن چۈشۈپ خۇددى ئوتۇننى ئالمايدىغان ئەلپازدا ئوتۇنغا يەنە بىرمۇنچە سەپسېلىشقا باشلىدى ۋە يانچۇقىدىن پارچە ـ پۇرات پۇلنى چىقىرىپ يىگىرمە ئىككى يۈەننى ئۇزاتتى. مەنسۇر ئاكا بىردە بوۋاي ئۇزاتقان پۇلغا، يەنە بىردە بوۋايغا قاراپ تۇرۇپ قېلىۋىدى، بوۋاي چاققانلىق بىلەن پەشخۇندىكى ناندىن توققۇزنى ئېلىپ ئۇزاتتى:

— هە، سىلەر دېهقانلار ناننى بەكمۇ ئۇلۇغلايسىلەر، شۇڭا نان ئۈچۈن يىل بويى ئېتىزدىن كىرمەي ئىشلەيسىلەر ئەمەسمۇ! ئېلىپ قويۇڭ، ئۈچ يۈەنگە نان بەردىم، هېلىغىچە قورسىقىڭلار ئېچىپ قالغاندا لازىم بولۇپ قالىدۇ.

— بىز ئوتۇننى سودىلاشقاندا بۇنداق دېيىشمىگەنىدۇققۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۈگۈن پۇلغا بەكمۇ ئېهتىياجلىق ئىدىم.

— ۋاي ئۇكاموي، بۇمۇ دېيىشىدىغان گەپمىدى. نان بىلەن هەرقاچان كىشىگە لازىم بولۇپ تۇرىدۇ. سىز دېمىسىڭىزمۇ مۇشۇ كۈنلەردە پۇلغا كىمنىڭ ئېهتىياجى يوق، قېنى ئېلىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنىڭ سەمىڭىزگە سېلىپ قويىماپتىمەن، بۇ گۇناھ مەندە، ئەمدى دەپ قويسامۇ بولىدۇ، مەن هەرقانداق كىشىدىن ئوتۇن ئالسام، بەش يۈەنلىك نان قوشۇپ بېرىمەن.

بۇ ئىشقا مەنسۇر ئاكىمۇ، ئابدۇسالاممۇ بىرنەرسە دېيەلمىدى. ئۇلار ئارغامچا ـ توقۇناقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بىر

رېمونتخانىدا ھارۋىنىڭ كامېرىنى ئىككى يۆەنگە يەملەتكەندىن كېيىن، ھارۋىنى بىر سارايغا ئەكىرىۋېتىپ باغچا ئالدىدىكى گۈل بازىرىغا قاراپ يول ئالدى. مەنسۇر ئاكىنىڭ خىيالىمۇ بىر - ئىككى يۆەنلىك گۈلدىن بىر تەشتەك ئېلىپ بېرىپ ئوغلىنى خۇش قىلىش ئىدى. ئۇلار ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان بۇ شەھەردە كىشىلەرگە ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە گۈل بازىرىغا يېتىپ كەلدى.

بۈگۈن گۈل بازىرىغا كىرگەن گۈللەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، خىللىرىنىڭ كۆپلۈكى، رەڭگىنىڭ ھەر خىللىقى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇراتتى. ئابدۇسالام گۈل بازىرىنى خېلى ئايلانغاندىن كېيىن بازار ئىشىكىدە تۇنجى ئۇچراتقان بىر تەشتەك گۈل يەنىلا ئۇنىڭغا ياراپ قالدى. دېمىسىمۇ، بۇ گۈلنىڭ قېشىغا ھېلىدىن - ھېلىغا يىغىلىۋالغان كىشىلەر يىراق كېتىشمەي گۈلنى تاماشا قىلىشاتتى. كىچىككىنە تەشتەكتىكى بۇ گۈلنىڭ يوپۇرمىقى ياۋا تاۋۇز-نىڭ يوپۇرمىقىدەك چوڭ ئىدى، ئېگىزلىكى بىر غېرىچچە كېلەتتى، يوپۇرمىقىغا بىرەرنى چېكىپ قويسىڭىز پەسكە ئېگىلىپ سالام بېرەتتى.

مەنسۇر ئاكا ئابدۇسالامنى خېلى دەۋەت قىلىپ باققان بولسىمۇ ئۇ پەقەت ماقۇل بولمىدى. ئاخىرى گۈلچى بو-ۋايدىن گۈلنىڭ ئىسمىنى بولسىمۇ سوراپ بېقىش ئويىغا كەلدى.

— ئۇستام، بۇ گۈلنىڭ ئىسمى نېمە؟

— سالامگۈل.

— نېمە، سالامگۈل! — مەنسۇر ئاكا گۈلچى بوۋاينىڭ جاۋابىدىن ھەيران قالدى.

— ھەئە، سالامگۈل.

— تۇۋا گۈلنىڭ ئىسمىمۇ سالام بولىدىكەن ـ ھە، ئابدۇسالام، سالامگۈل...

بۇ گۈلنىڭ ئىسمىنىڭ بالىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاشلىقىدىن ھەيران قالغان مەنسۇر ئاكا ئابدۇسالامغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى. ئابدۇسالامغا بولسا گۈلنىڭ ئىسمىدىنمۇ بەكرەك گۈلنىڭ ئۆزى ياراپ قالغانىدى.

— دادا، بۇ گۈلنى ئالايلى.

— بالام، بۇ گۈلمىغۇ خېلى بولىدىغان گۈلكەن، مېنىڭچە تازا ئالغۇم كەلدى، بىراق قىممەتمىكىن.

— سوراپ باقايلى، دادا.

— مەيلى سوراپ باقساق باقايلى، ئۆيىمىزدە ئابدۇسالامغا ھەمراھ بولىدىغان سالامگۈلدىن بىرى بولسا مەيلى ئەمەسمۇ، ئاكا، بۇ گۈل قانچە پۇل؟

— ئوتتۇز يۈەن؟

— نىمە، ئوتتۇز يۈەن! — مەنسۇر ئاكا ئەندىكىپ كەتتى. ئابدۇسالامنىڭ قولىدىن يېتىلەپ گۈل بازىرىدىن تېز ـ تېز مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

دادا ـ بالا ئىككىيلەن بازارنى خېلى ئۇزاق ئايلاندى. دادا بالىسىغا بىرەر كىتاب ئېلىپ بېرىشكە ئامالسىز بولىدىمۇ، يەنىلا ئوغلىنى كىتابخانىغا ئەكىرىشنى ئۇنتۇمىدى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغان بولسا ئابدۇسالامغا بۈگۈن شەھەرگە كىرگەنگە ھېساب بولمايتتى. مەنسۇر ئاكا بۈگۈن ئابدۇسالامغا بىرەر پۇللۇق نەرسە ئېلىپ بېرەلمىگىنى بىلەن، ئادەت بويىچە ئۇنىڭ تەلەپ قىلغان يەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئاپاردى. شۇنداق بولسىمۇ ئابدۇسالامنىڭ كۆڭلى يەنىلا يېرىم

ئىدى.

چۈنكى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى ئاشۇ گۈل بازىرىدا كۆرگەن كىشىگە سالام بېرىدىغان بىر تەشتەك سالامگۈلدە ئىدى. ئۇ ئېشەك هارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ئاشۇ يىراق سەهرادىكى قۇمكۆل كەنتىگە چىقىپ كېتىۋېتىپمۇ ئاشۇ بىر تەشتەك گۈلنى ئويلايتتى. «خەپ، مەكتەپكە بارىدىغان چاغقىچە ئازراق پۇل تېپىپ ئاشۇ گۈلىنى سېتىۋالمايدىغان بولسام!» ئۇ ئالىقانلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگدى.

كۆك قەرىدە يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى، تولۇن ئاي كۈمۈش لېگەندەك ۋالىلدايتتى. فىگولو هارۋىنىڭ چايقىلىپ مېڭىشىدىن چىققان يېقىمسىز ئاۋازمۇ ئابدۇسالامنى ئەللەيلەپ بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۇنى ئۇخلىتىپ قويغانىدى.

ئۇ چۈش كۆرۈۋاتاتتى...

هەيۋەتلىك ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ سەيناسىدا ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن گۈللىرىنى تۇتۇشۇپ تۇرۇشماقتا، مۇئەللىملەر ئوقۇغۇچىلار ئېلىپ كەلگەن گۈللەرنى باهالىماقتا، ئابدۇسالامنىڭ گۈلىنى كۆرگەن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار گۈلنىڭ ئاجايىپ خۇسۇسىيىتىدىن هەيران بولۇپ قىزىقىپ قاراشماقتا، ئارقىدىن ئابدۇسالامنىڭ گۈلى بىرىنچى بولۇپ مۇكاپاتلاندى. هېلىقى سېرىق ئۆڭلۈك، كۆك كۆز مۇئەللىم سەهنىگە چىقىپ مۇكاپات ئالماقتا، مۇئەللىم ئابدۇسالامغا قاراپ مېيىقىدا كۈلۈمسىرەمەكتە، مۇئەللىم ئابدۇسالامنىڭ بېشىنى رازىمەنلىك بىلەن سىلىماقتا، يېقىملىق دۆلەت شېئىرى مۇزىكىسى ساداسى ئىچىدە بەش يۇلتۇزلۇق دۆلەت بايرىقى ئاستا - ئاستا ياغاچ

مومىغا چىقىرىلماقتا...

بايراق خادا ئۇستىگە چىقىپ بولاي دېگەندە ھارۋىنىڭ قاتتىق سىلكىنىشى بىلەن ئابدۇسالام چۈشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئوتقاشتەك قىپقىزىل قۇياش قومكۆل كەنتىنى شەپەق نۇرىغا پۈركىگەندە، ئابدۇسالام پارتىداش ئاغىنىسى تۇرغۇن بىلەن پادىسىنى ھەيدەپ كەنتنىڭ شەرقىدىكى ئۆستەڭ بويىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار كۆن چۈش بولغۇچە قويلىرىنى يايلىتىپ يۈرۈپ خېلى تويغۇزدى. ئارىلىقتا ئابدۇسالام تۇرغۇنغا ھېلىقى بىر تەشتەك سالامگۈلنىڭ پارىڭىنىمۇ دەپ بەردى. تۇرغۇن گەرچە ئۇ گۈلنى كۆرمىگەن بولسىمۇ تۇرغۇننىڭ سۆزلىگىنىگە قىزىقىپ گۈلنى بىر قېتىم كۆرۈپ باققۇسى، ھەتتا ئۇنىڭمۇ ئۇ گۈلدىن بىر تەشتەك ئېلىپ مۇئەللىمىنى خۇش قىلغۇسى، ساۋاقداشلىرىنى ھەيران قالدۇرغۇسى كەلدى. ئۇلارنىڭ دەرۋەقە پۇلى يوق ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بىردىنلا تۇرغۇن بىر ئەقىل تاپقاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئابدۇسالامنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى. ئابدۇسالاممۇ بىرئاز تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن تۇرغۇننى قۇچاقلاپ سەكرەپ كەتتى.

ئۇلار كەچ كىرىپ ئەتراپنى گۇگۇم قاپلىغاندا «مۆكىمۆكىلەڭ ئوينايمىز» دېگەننى باھانە قىلىپ ئۆيلىرىدىن چىقىشتى ــ دە، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولۇشتى.

ئەتىياز كېچىسىنىڭ سوغۇق شامىلى قۇلاقنى خېلى توڭدۇراتتى. باللار خېلى قېلىن كىيىنىۋالغان بولسىمۇ يەنىلا قۇلاقلىرى ھەرە چاققاندەك پىژىلدايتتى، قوللىرى بىلەن توسۇشاتتى. ئاتا ــ ئانىلار باللىرىنى ئىزدىشىپ ۋارقىرىشاتتى.

— تۇرغۇن!
— ئابدۇسالام!
قۇياش نۇرى شەھەرنىڭ قەۋەتلىك بىنالىرىنىڭ ئۈستى-
دىن چۈشۈشكە باشلىغاندا بالىلار ئاران شەھەرگە كىرەلىدى.
ئۇلار ھېرىپ كېتىشكەنىدى، باغچە ئالدىدا بىردەم ئولتۇ-
رۇشتى. تۇرغۇننىڭ كىچىك تەرەت قىلغۇسى كەلدى. تۆت
ئەتراپقا بويۇنداپ قاراپ باقتى. ھەممە يەر چىنىدەك پاكىز
ئىدى. تۇرغۇننىڭ ھېچقانداق يەرگە تەرەت قىلغۇسى كەلمى-
دى. ئابدۇسالامنىڭ باغچىنىڭ سول تەرىپىدىكى «ئاممىۋى
ھاجەتخانا» دەپ خەت يېزىلغان بىر ئىشىككە كۆزى چۈشتى.
ئۇ تۇرغۇننى نۇقۇپ:
— قارا، ئاۋۇ يەردە ھاجەتخانا بار ئىكەن.
تۇرغۇن ھاجەتخانىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن ئابدۇسا-
لام شەرەت قىلغان تەرەپكە يۈگۈرگەندەك مېڭىپ كەتتى.
ھاجەتخانا ئالدىدا ئۆڭى قارا، چىرايى تاتۇق، كۆزلىرى جىر-
تاق بىر ئايال تازىلىق قىلىۋاتاتتى، ئۇ ئايال ئىشتىنىنىڭ
بېغىنى تۇتقىنىچە ھاجەتخانىغا كىرىپ كېتىۋاتقان تۇرغۇننى
تۇۋلىۋالدى.
— ۋۇي، قارا كۆز، قەيەرگە؟
تۇرغۇن ئىشتىنىنىڭ بېغىنى تۇتقىنىچە بىر ئىزدا تۇ-
رۇپ قالدى.
— سىيىۋالاي... دەپ.
— مۇنداقمۇ بىر يوغان ئىش قىلالىمۇ... ھەرقانچە
ئابىھايات چىقارسىلىمچۇ، دېھقانىنىڭ سۇرىتى بار كۆك رەڭ-
لىك ئىككى موچەندىن بىرنى تۆلىۋېتىپ ئاندىن كىرسىلە،
بولمىسا، قايسى سەھرادىن كىرگەن بولسىلا شۇ يەرگە چد-

قىپ ئاندىن قورساقلىرىنى بىكارلىسىلا...

تۇرغۇن بىلەن ئابدۇسالام هاجەتخانا ئىزدەپ خېلى يول يۈردى. تۇرغۇننىڭ قورسىقى تېخىمۇ مۇجۇپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇلار ئاخىرى بىر سۇئىي تالا خالتىنى تېپىپ بىر دالدىغا ئۆتتى ـ دە، خالتا ئىچىگە تەرەت قىلىپ تاشلىۋېتىشكە يەر تاپالماي تۇرغاندا، مەسچىتتىن چىققان بىر بوۋاي ئۇلارغا مەسچىتنىڭ هاجەتخانىسىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇلار شۇ يەرگە كىرىپ قورسىقىنى بىكارلىغاندىن كېيىن خېلى يەڭگىلەپ قالغاندەك بولۇپ قېلىشتى ـ دە، يەنە كوچىغا چىقىشتى.

كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە ئاندىن باغچە ئالدىدىكى گۈل بازىرىغا گۈلچىلەر كىرىشكە باشلىدى. ئابدۇسالام بىلەن تۇرغۇن خېلى ئۇزاق ساقلاشقاندىن كېيىن ئاندىن گۈلچى بوۋاي هېلىقى بىر تەشتەك سالامگۈل بىلەن يەنە باشقا گۈللەرنى قول هارۋىسىغا بېسىپ كەلدى. ئابدۇسالام تۇرغۇننىڭ قولىدىن يېتىلەپ بېرىپ يەكشەنبە كۈنى دادىسى بىلەن كۆرگەن هېلىقى گۈلنى كۆرسەتتى، تۇرغۇن گۈلنىڭ يوپۇرمىقىغا بىرنى چېكىپ قويۇۋېدى، گۈلنىڭ يوپۇرمىقى ئاستا پەسكە ئېگىلىپ سالام بەردى. بۇنىڭدىن هاياجانلانغان تۇرغۇن ئابدۇسالامنى نوقۇپ:

— ئاداش، بىز ئازراق پۇل تېپىپ بۇ گۈلدىن بىر تەشتەكتىن ئېلىپ چىقىپ سىنىپىمىزدىكى باللارنى بىر هەيران قالدۇرۇۋېتەيلى.

— يۇر ئەمىسە، هېلىقى تۇغقىنىنىڭ ئىشلەيدىغان زاۋۇتقا بېرىپ باقايلى...

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. ئابدۇسالام بىلەن

تۇرغۇن ئاۋۋال شەھەرنىڭ كونا رەستىسىدىكى مەدىكار بازىرىدا يېرىم كۈن ئىش كۈتۈپ تۇرۇشتى، ئۇلاردا نە كەتمەن، نە بىرەر ئەمگەك قورالى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تېخى بالا بولغاچقا كىشىلەر گەرچە قىزىقىپ قاراشقىنى بىلەن پۇل بېرىپ ئىشقا سېلىشنى خالىمىدى. ئۇلار ئاخىرى شەھەر سىرتىدىكى بىر يەككە كارخانىچىنىڭ پەنەركە زاۋۇتىغا ۋاقىتلىق بالا ئىشچى بولۇپ كىردى. كۈنىگە ئون يۈەن بېرىلەتتى، زاۋۇت باشلىقى ۋاڭ تاغىمۇ ئۇلارنىڭ تەتىل مەزگىلىدە ئازراق پۇلغا ئىشلەپ ئوقۇش پۇلى ۋە ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىش ئويىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇلارغا خېلى ئوڭايلىق يارىتىپ بەرگەنمۇ بولدى. بالىلارمۇ كۈنىگە ئىشلىگەن پۇلىنى ئوتتۇرلۇق خەجلەپ بولماسلىق ئۈچۈن ئاخشىمى زاۋۇتتا يېتىپ قوپۇپ، ئۈچ ۋاخ تامىقىغا سوغۇق سۇ بىلەن قۇرۇق نان يەپ ئون كۈننى ئۆتكۈزدى. بالىلار گەرچە زاۋۇتتا ئىشلىسىمۇ پۈتۈن خىيالى يەنىلا ئاشۇ بىر تەشتەك سالامگۈلدە ئىدى. ئاشۇ بىر تەشتەك گۈل پەقەت كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. ئۇلار گۈلنى سېتىۋالغۇدەك پۇلغا ئىشلىگەن بولسىمۇ، يەنە ئازراق پۇلغا ئىشلەپ ئوقۇش پۇلىنى تۆلەش، يەنە تېخى ئاتا - ئانىسىغا سوۋغا - سالام ئالغاچ چىقىش خىيالىدا يەنە بىرنەچچە كۈن ئارتۇق ئىشلەشنى ئويلاشتى.

نەچچە كۈندىن بېرى ئابدۇسالام بىلەن تۇرغۇننىڭ ئاتا - ئانىلىرى بالىلارنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالمىدى. تېلېۋىزوردا نەچچە قېتىم ئېلانمۇ بەردى. بالىلار زاۋۇتنىڭ سىرتىغا چىقمىغىنى ئۈچۈن بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى، مەنسۇر ئاكا بىلەن تۇرغۇننىڭ دادىسى شەھەر-

نىڭ ئۇششاق بالىلار ئوينايدىغان يېرىدىن تارتىپ ئەگرى - بۈگرى كوچىلىق شەھەر رەستىلىرىنى چالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقىشتى، ئىستولبىلارغا، قاتناش بېكەتلىرىگە ئادەم ئىزدەش ئېلانلىرىنىمۇ چاپلاشتى. مۇشۇ تاپتا بالىلارمۇ ئاتا - ئانىلىرىنى سېغىنىشقان بولسىمۇ يەنە بىرنەچچە كۈن ئارتۇق ئىشلەپ نەچچە ئون يۈەننى كۆپرەك تېپىشنىلا ئويلايتتى. ئەگەر ئۇلار ئويلىغىنىدەك ئاشۇ بىر تەشتەك گۈلنى ئېلىپ چىقالىسا يەنە تېخى ئۆتكەن مەۋسۇملۇق ۋە يېڭى ئوقۇش مەۋسۇملۇق ئوقۇش پۇلىنى، كىتاب پۇلىنى تولۇق تۆلىيەلىسە، ئاچچىقى يامان سىنىپ مۇدىرىنىڭ تىل - ئاھانىتىدىن قۇتۇلۇپ قالاتتى.

ئوقۇش باشلاشقا يەنە ئىككى كۈن قالغانىدى. ئۇلار ۋاڭ تاغا بىلەن سۆزلىشىپ يۈرۈپ كەچلىك ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەشنى قولغا كەلتۈرۈشتى.

كېچە. زاۋۇت ئىچىدە لامپۇچكىلار چاراقلايتتى، كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى، ئابدۇسالامنىڭ كۆز ئالدىغا بولسا ساۋاقدىشى يولۋاسنىڭ جاپپار مۇئەللىمدىن ئازار يەپ يىغلىغاندىكى چىرايى، جاپپار مۇئەللىمنىڭ «مېنى دادا دېيىش!» دېگەندىكى ئەلپازى كېلىۋالاتتى، قولى بولسا يەنىلا تاختىلانغان شاللارنى زاۋۇت ئىچىگە يۆتكەش بىلەن بەند ئىدى.

بىر چاغدا تۇرغۇن «ۋاي!» دېگەنچە ئابدۇسالامنىڭ بىلىگە چىڭ ئېسىلىۋالدى. شۇ چاغدىلا ئابدۇسالام ئىككى قولىنىڭ ئوشۇق سۆڭكىدىن تارتىپ بارماقلىرىغىچە ئاغرىۋاتقىنىنى سەزدى، زاۋۇت باشلىقى ۋاڭ تاغىمۇ چەبدەسلىك بىلەن زاۋۇتنىڭ توكىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، باشقىلارمۇ بولغۇسى خەۋپ - خەتەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشۈپ ئابدۇسالا-

مىنىڭ بىلىگە ئىسلىۋىلىشقانىدى، پەنەركە زاۋۇتىمۇ ئابدۇ-
سالامنى پۈتۈن يالماپ كېتىدىغاندەك ئەلپازدا نەچچە قېتىم
سىلكىنىپ توختاپ قالدى. ئابدۇسالامنىڭ تەلىيىگە قول
بارماقلىرىنىڭ سۆڭىكى ساق قالغان بولۇپ، ئالىقان دۈمبە-
لىرىدە تىرناقچىلىكمۇ گۆش قالمىغانىدى. ئابدۇسالام بىر-
دەمنىڭ ئىچىدە «ھۆ» بولۇپ، بېشى قايغاندەك بولدى ـ دە،
تۇرغان يېرىگە يىقىلىپ چۈشتى.

ئۇ ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچقاندا ئۇنىڭ كۆرگىنى
دوختۇرخانا ياتىقىنىڭ ئاپئاق سىرلانغان تام ـ تورۇسى ۋە
ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان بىرنەچچە ئاق خالاتلىق دوخ-
تۇرلار بولدى. ئۇ خۇددى ئىككى قولى شىمىنىڭ يانچۇقىغا
يەملىشىپ قالغاندەك، قولىنى ھەرىكەتلەندۈرەلمەي قالدى.
پۈتۈن بەدىنى ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك لوقۇلداپ ئاغرىپ كې-
تىۋاتاتتى، دوختۇرلار بىرئاز خاتىرجەم بولغاندەك بىر ـ
بىرىگە قارىشىپ يېنىك قەدەم ئېلىشىپ ياتاقتىن چىقىپ
كەتتى. ئۇ تۇرغۇن ۋە زاۋۇت خوجايىنى ۋاڭ تاغىنىڭ ياردى-
مىدە ھازىرقى ھەربىيلەر باشقۇرۇشىدىكى دوختۇرخانىغا ئە-
كېلىنگەندىن كېيىن، دوختۇرلار جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ
داۋالاشنى باشلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئىككى قولىنىڭ ئالىقىنى ۋە
دۈمبىسىدە پەقەت گۆش قالمىغاچقا، ئۇنىڭ قولىغا گۆش
ئۇندۇرۇش ئۈچۈن ئىككى يوتىسىدىن گۆش كۆچۈرگەنىدى.
دوختۇرخانىغا ئەكېلىپ بولغۇچە قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە
دوختۇرلا خېلى كۆپ قان بەردى.

ئابدۇسالام مۇشۇ ياتىقىنچە خېلى ئۇزۇن يېتىپ قالدى.
ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكىمۇ يىغىلىپ بولۇشتى. ساۋاقداشلىرى
پۇل يىغىش قىلىپ ئۇنى بىرنەچچە قېتىم يوقلاپمۇ كىرىش-

كەن بولدى. ئۇنىڭ دوختۇرخانىدىكى كۈنلىرى بەكمۇ زېرى-
كىشلىك بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى گەجدە قاتۇرۇپ قويۇلغاندەك
تۇيۇلاتتى، قىمىرلىسا پۈتۈن بەدىنى تەڭ لىڭشىيتتى. ئۇ
شۇ چاغدىلا كىشىنىڭ قولىنىڭ يالغۇز ئەمگەك قىلىش،
تاماق يېيىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئادەم بەدىنىنىڭ تەڭ-
پۇڭلۇقىنى ساقلاشتىكى رولىنىمۇ تونۇپ يەتتى. بىراق،
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنىلا ئاشۇ بىر تەشتەك سالامگۈل كېسەل
كارۋىتى بېشىدا ئۇنىڭغا سالام بەرگىنىچە يېقىملىق ئىگىلىپ
تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ خېلى كۆپ پۇلغا ئىشلىگەن بول-
سىمۇ، ئاشۇ بىر تەشتەك سالامگۈلنى سېتىۋېلىشقا ئۈلگۈ-
رەلمىگەندى.

دوختۇرلار ئۇنى غالتەكلىك كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ ئوپېرات-
سىيە ئۆيىگە ئېلىپ ماڭغاندا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى سوغۇق
تەرلەپ پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. ئوپېراتسى-
يە ئۆيىنىڭ ئىشىك تۈۋىگە ئەكېلىنگەندە، پەنەركە زاۋۇتى-
نىڭ باشلىقى ۋاڭ تاغا كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇزىتىپ قويدى.
گەرچە، ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى ئۇقمىسىمۇ يېقىملىق كۈلۈمسى-
رەش ئارقىلىق ئابدۇسالامنى غەيرەتلىك بولۇشقا ئۈندەۋاتقان-
دەك قىلاتتى.

ئوپېراتسىيە ئۆيىدىن چىقىپ ھوشىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ
كېسەل كارىۋىتى يېنىدا مەنسۇر ئاكا ۋە سىنىپتىكى بىرقانچە
بالىنى ئەگەشتۈرۈپ كىرگەن ھېلىقى ئاچچىقى يامان جاپپار
مۇئەللىم قولىدا ھېلىقى كۈنى دادىسى بىلەن گۈل بازىرىدا
كۆرگەن بىر تەشتەك سالامگۈلنى تۇتقىنىچە يېقىملىق كۈ-
لۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا دائىم ھۆكۈم سۈرىدى-
غان جىددىي كەيپىياتتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئابدۇسا-

لامۇ گەرچە ئۆزى كۆرۈشكە تەشنا بولغان بىر تەشتەك گۈل ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مۇئەللىمنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە جىلۋىسىنى كۆرۈپ باشقىچە خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر جۈپ قوي كۆزىدىن بالقىغان نۇر بىلەن تەڭ ئىككى تامچە ياش دومىلىنىغچە پەسكە ساقىپ چۈشتى.

# هاشىم دەمدەر

## 1

ئەتراپ قازان كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ. ناھىيە بازىرىدىن ساتمىقۇم يېزىسىغا بارىدىغان يۈز كىلومېتىرلىق قۇملۇق يولدا ناھىيە باشلىقى ئولتۇرغان كۈمۈش رەڭلىك ماشىنا رېزىنكە چاقلىرىنى قۇمغا پاتۇرۇپ ئات يورغىسىدا كېتىپ بارماقتا، ھاكىم ئەتراپتىكى قاراڭغۇلۇقتىن سەل ئەندىكىپ قالدى، دېمىسىمۇ مۇشۇ تاپتا ئاشۇ تۈمەنلىگەن يۇلتۇزلار، ھەتتا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭغا كۈلۈپ باققان ئايمۇ ئۇنىڭغا كەينىنى قىلىۋالغاندەك، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەندەك قىلاتتى.

دېمىسىمۇ، ناھىيە باشلىقى بۇ ناھىيىگە كەلگەندە ناھىيىنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ناچار، خەلقى كەمبەغەل بولۇپ، كادىرلارنىڭمۇ بىرنەچچە ئايلىق مائاشى تارقىتىلمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ مۇۋەققەت باشلىقلىق مەزگىلىمۇ توشاي دەپ قالدى، سايلام مەزگىلىمۇ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى، ئەگەر بۇ قېتىم بىر ئاماللارنى قىلىپ خەلقنىڭ ھېمايىسىگە ئېرىشىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سايلىنالمىسا ئاخىرقى پۇرسەتمۇ قولدىن كېتەتتى. شۇڭا ئۇ يىراق - يېقىنلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بۇرۇن ئۆتكەن باشلىقلارغا ئوخشاش «نا-

ھىيىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىمەن، خەلقنى باياشات قىلىمەن، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرىمەن» دېگەندەك قۇرۇق ۋەدىلەرنى بەرمەي، ناھىيىنىڭ مۇشۇنداق نامرات بولۇپ قېلىشىدا ئىلگىرى ۋەزىپە ئۆتىگەن رەھبەرلەر سانىنى يالغاندىن ئاشۇرۇپ يوللاپ ھازىرقى نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قاراپ، «ناھىيىنى نامرات رايونلار قاتارىغا ئۆتكۈزىمەن، نامرات ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا تارقىتىپ بېرىمەن، كادىرلارنىڭ قېلىپ قالغان مائاشىنى تولۇقلاپ بېرىمەن...» دېگەندەك ۋەدىلەرنى بەرگەن، تەلىيىگە يارىشا، سايلامدا ناھىيە تارىخىدىكى ئەڭ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سايلانغان باشلىق بولۇپ قالغانىدى. بىراق، ئۇ بۇ ناھىيىنى تا ھازىرغىچە نامرات ناھىيە دەپ ئەنگە ئالدۇرالمىغان، كادىرلارنىڭ مائاشىنى، نامراتلارنىڭ قۇتقۇزۇش پۇلىنى ۋاقتىدا تارقىتالمىغانىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى پىچاقتا تىلغاندەك، يارىسىغا تۇز سۈيى قۇيغاندەك ئېچىشاتتى. ئۇنىڭ دەردىنى ھەتتا يېنىدا ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقان شوپۇرمۇ بىلمەيتتى.

باشلىق بۈگۈن ئەتىگەندە ئايالى ئېتىپ بەرگەن بىر قاچا ئۇماچنى مەززە قىلىپ ئىچىۋەتتى - دە، كۈندىلىك ئادىتى بويىچە ياتىقىغا كىرىپ بىر - ئىككى سائەت گېزىت كۆردى، ئارقىدىن ياستۇقى ئاستىدىن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى سانىنى ئېلىپ ژۇرنال مۇندەرىجىسىگە قارىۋېتىپ، تۇيۇقسىز قايسىبىر يازغۇچىنىڭ «ھاكىم كەپسى» دېگەن ھېكايىسىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى.

ئۇ ھېكايىنى بىر تىنىقتا دېگۈدەك ئوقۇپ بولدى. ھېكايىدىكى ۋەقەگە شۇنچىلىك قىزىقىپ كەتتىكى، ھېكايە

پېرسوناژى ھاكىمنىڭ قۇملۇقنى تىزگىنلەپ بوز يەر ئېچىش جەريانىدا دېھقانلار بىلەن بىر كەپىدە بىللە يېتىپ ـ قوپۇپ ئاش ـ تاماقتا، ئىش ـ ئەمگەكتە بىللە بولۇپ دېھقانلارغا كۆيۈنگەنلىكى ھاكىمنى ئويلاندۇرۇپ قويدى: «بۇ راست بولغان ئىشمىدۇ، ياق، ھازىر نەدىمۇ بۇنداق ئىشلار بول-سۇن، ھاكىم ئۆزى باش بولۇپ ھاشارغا چىقسا، دېھقان بىلەن بىللە يېتىپ ـ قوپسا... ماشىنىسى بولغاندىكىن قاي-تىپ كىرسە بولىدىغۇ... ناھىيىنىڭ ئىشلىرىنى كىم بېجى-رىدۇ؟ ياق، بۇ بەلكى يازغۇچىلارنىڭ بىز ھاكىملاردىن كۈتكەن ئۈمىدىدۇر...» ئۇنىڭ يەنە كىتاب ئوقۇغۇسى كەل-دى، بىراق، ئاشۇ ژۇرنالدىن باشقا يەنە چېچىلىپ ياتقان كىتابلارمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى. ئۇ كۈن چۈش بولاي دېگەندە چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭ بۇ ناھىيىگە كەلگىنىگە بىرنەچچە يىل بولغان، بىراق شۇ چاغقىچە ناھىيە بازىرىنى بۇنداق پىيادە ئارىلاپمۇ باقمىغان-دى، ناھىيە بازىرى بۈگۈن ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان بولۇپ، باققال، يايمىچى، گەزلىمىچى، مانتىپەز، دوغاپچى، لەڭ-پۇڭچى دېگەندەك ئۇششاق تىجارەتچىلەر كوچىغا چىقىۋالغان-دى. ئۇنى ئاز دەپ دېھقانلارمۇ ئېشەك ھارۋىلىرىنى شەھەر كوچىلىرىغا يېتىلەپ كىرىپ يوللارنى قىغ، تېزەككە كۆمۈ-ۋەتكەندى.

«راست، مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى خەلققە نېمە ئىش قىلىپ بەردىم، پىكىر ـ تەكلىپلىرى بىكارغا قويۇلماپ-تۇ ـ دە!» دېگەنلەرنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئايىغى چىقمايدىغان خىياللار بىلەن بەند بولۇپ، شىنخۇا كىتابخانىسىغا كىلىپ قالغىنىنىمۇ بىلمەي قالدى.

كىتابخانىنىڭ پوكىيىدە كىتابلارغا تويماي قاراپ تۇرغان سەھرالىق بىر بالىنى كۆرۈپ شۇ يەردىلا توختاپ قالدى. كىيىملىرى كونىراپ كەتكەن بۇبالا بەك ئورۇق، يۈز سۆ- ڭەكلىرى يۈز تېرىسىنى كۆتۈرۈپ كۆپۈپ چىققانىدى. ناھىيە باشلىقى بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بالىنىڭ قېشىغا كېلىپ سورىدى:

— پۇلۇڭ يوقمۇ؟

— پۇلۇم بار، بىراق···، — بالا قولىدىكى بەش موچەن پۇلنى باشلىققا كۆرسەتتى.

باشلىق بىردە بالىنىڭ قولىدىكى ئەللىك پۇڭ پۇلغا، بىردە پوكەيگە تىزىقلىق تۇرغان كىتابلارغا قاراپ بالىنىڭ بېشىنى سىلىدى.

— قېنى، بالام، كىتاب تاللىغىن.

بالا تارتىنىپ تۇرۇپ بالىلار ئوقۇشلۇقىدىن ئاران ئۈچ- نى تاللىيالىدى. باشلىق بالا ئۈچۈن ئۈچ كىتابقا يىگىرمە يۈەن تاپشۇرۇپ بالىنى يېتىلەپ سىرتقا چىقتى ـ دە، ئۇنى كىتابخانىنىڭ ئۈستىدىكى بالىلار كىتاب ئوقۇش ئورنىغا ئې- لىپ چىقتى.

— بالام، ئىسمىڭ نېمە؟

— قاسىم دەمدەر.

— داداڭنىڭ ئىسمىچۇ؟

— ھاشىم دەمدەر.

— ھا، ھا، ھا···، — باشلىق بالىنىڭ جاۋابىدىن ھەي- رانلىق ھېس قىلىپ كۈلۈپ كەتتى ۋە يەنە سورىدى، — ھە، بالام، «دەمدەر» دېگىنىڭ سىلەرنىڭ ئائىلىنىڭ لەقىمى ئوخشىمامدۇ؟

— لەقەم؟ ھە، توغرا، ئىلگىرى دادامنىڭ نۇرغۇن كەپتەرلىرى بار ئىدى. شۇڭا يۇرتتىكىلەر دادامنى «ھاشىم دەمدەر» دەپ ئاتىشاتتى، كېيىن مېنىمۇ باللار «قاسىم دەمدەر» دەپ ئاتىشىدىغان بولۇۋالدى.

— ھە، مۇنداق دېگىن، ئۆيۈڭلار قەيەردە؟

— ئۈچىنچىدە.

باشلىق يەنە كۈلۈپ كەتتى.

— بالام، ئۆيۈڭلار قايسى ئۈچىنچىدە؟

— توققۇزنىڭ ئۈچىنچىسىدە.

— قايسى توققۇزنىڭ؟

— ساتمىقۇم يېزىسىنىڭ.

— ھە، ماۋۇ گېپىڭ بولدى. ساتمىقۇم يېزىسى، توققۇزىنچى كەنت، ئۈچىنچى مەھەللىدە، توغرىمۇ؟

— شۇنداق.

— بالام، شۇنچە يىراق جايدىن ئۆزۈڭ يالغۇز كىرمىگەنسەن؟

— دادام بىلەن كىرگەن. دادام كەپتەر بازىرىغا كەتتى.

... ...

باشلىق «ھاشىم دەمدەر» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ سەل ئويلىنىپ قالدى: «ئۇزاقى يىلى ناھىيە بويىچە كەپتەر بېقىشتا داڭ چىقارغان ھاشىماخۇن شۇمىدۇ؟ بۇرۇن يوقلىمىغان بولسام نىمە بوپتۇ؟ مانا بۈگۈن ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن كۆرۈشتۇم، ئەمدى يوقلاپ چىقسام، دىدارلاشسام بولىدىغۇ! ئەجەب ئىشقۇ بۇ؟ داڭلىق كەپتەرۋازنىڭ بالىسىنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشقىمۇ پۇلى يوق، ھە؟»

ماشىنا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە چىراغ تارتىپ قۇملۇق

ئارىسىدا ئىلگىرىلىمەكتە.

## 2

ھاشىم دەمدەر ساتمىقوم يېزىسىغا تەۋە غازلەڭگەر كەن-تىدىكى بىر دېھقان. ئۇ مۇشۇ كەنتتە تۇغۇلۇپ چوڭ بول-غان، كىچىكىدىن دېھقانچىلىقتىن ئىبارەت ھالال كەسىپنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ يەردىن چىقماي ئىشلەپ كەلگەن، ئۇنىڭ «دەمدەر» دېگەن لەقىمىگە كەلسەك، ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا، يېزىنىڭ كىچىك بازىرىغا كې-لىپ تاماشا قىلىش جەريانىدا كەپتەر بازىرىدىكى كەپتەرۋاز-لارنىڭ كەپتەر سودىسى قىلىش جەريانى، كەپتەرلەرنىڭ تۈر-لىرى توغرىسىدىكى بىلىملەرنى بىلىۋالغان، كېيىنچە، دادى-سىنىڭ پېشىغا ئېسىلىۋېلىپ يۈرۈپ بىر جۈپ خوتەن دەمدى-رى سېتىۋېلىپ باققان، «دەمدەر ئۇچۇرۇۋتىمەن» دەپ ئۆگ-زىدىن يىقىلىپ بېشىنىمۇ يېرىۋالغاندى. كېيىن ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن كەپتەرۋازلىقنى كە-سىپ قىلىۋالغاچقا، ئۇنىڭغا «دەمدەر» دېگەن لەقەم قويۇلۇپ قالغانىدى. كۆن - ئايلار ئۆتكەنسېرى، ئۇنىڭ ئىشى ئوڭدىن كېلىۋاتاتتى. كەپتەرلىرى كۆندىن - كۆنگە ئاۋۇپ، كەپتەر-لىرىنىڭ داڭقى يۇرت - يۇرتلارغا تارقىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ كەپتەرلىرىنىڭ ئالدىنى بىر - ئىككى مىڭ يۈەنگە ساتسا، سەل مۇنداقراقلىرىنى يۈز يۈەندىن كەم ساتمايتتى. دېمەك، ھاشىم دەمدەرگە خۇدايىم ئىشىكتىنمۇ، تۈڭلۈكتىنمۇ بېرى-ۋاتاتتى. كەپتەر سېتىپمۇ، كەپتەر تۇخۇمى سېتىپمۇ، باچكا سېتىپمۇ، ماياق سېتىپمۇ كىرىم قىلىۋاتاتتى.

هاشىم دەمدەر پۇل تېپىشۇدى، پۇل خەجلەيدىغان يەر-لەرمۇ چىقىپ تۇردى، يېزىنىڭ چارۋىچىلىقىقا مەسئۇل مۇئا-ۋىن باشلىقى پات - پات كېلىپ هاشىم دەمدەرنى يوقلايدى-غان، ئۇنىڭ باچكىلىرىغا ئېغىز تېگىپ كېتىدىغان بو-لۇۋالدى.

— دېھقانلارغا ياخشى ئۈلگە بولۇپ بەردىڭ، هاشىما-خۇن، مەن يۇقىرىغا دوكلات يازدىم، سېنىڭ ئۆيۈڭدە نەق مەيدان يىغىنى ئاچماقچى، سېنى نەمۇنىچى قىلىپ تىكلىمەكچى.

هاشىم دەمدەر مۇئاۋىن باشلىقنىڭ گەپلىرىنى تازا چۈ-شىنىپ كېتەلمىسىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇ هەر قېتىم ئۆيىگە كەلگەندە ئۇنى باچكا شورپىسى بىلەن مېھمان قىلغاندىن باشقا يەنە بىرنەچچە باچكا كاۋىپىنى تۇتقۇزۇپ يولغا سالاتتى. هاشىم دەمدەرنىڭ ئۆيىدە راستتىنلا ئائىلە باقمىچىلىقى بويى-چە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلدى، هاشىم دەمدەرگە ئوڭ مۇرىسىدىن پەسكە ساڭگىلىتىپ شەلپەر تاۋارمۇ باغلاندى. يىراق - يېقىندىن كەلگەن كەپتەرۋازلار، مۇشۇ خىزمەتكە مەسئۇل كادىرلار هاشىم دەمدەرنىڭ كەپتەرلىرىگە تويماي قارىشاتتى، ھېلى ئۇنى سورىسا، ھېلى بۇنى سوراپ ئۇنى ئالدىرىتاتتى. يىغىندا هاشىم دەمدەر بىرەر مىڭ يۈەنلىك زىيان تارتقان بىلەن تەشكىل ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ يىغىنىنىڭ ئۇنۇمى خېلى يۇقىرى بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، بارلىق دېھ-قانلار كەپتەر بېقىپ بېيىمىز يىلغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن يېزىنى كەپتەرۋازلار يېزىسىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى، مۇئا-ۋىن يېزا باشلىقىمۇ بۇ تۆھپىسى ئۇچۇن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ مۇكاپاتىغا نائىل بولۇپ تۇردى...

يىراقتىن چىراغ يورۇتۇپ كەلگەن ماشىنا تار يولدا ھاشىم دەمدەر دادا ـ بالا ئولتۇرغان ئىشەك ھارۋىسىنى يانداپ ئۆتەلمەي، ئارقىمۇئارقا سىگنال بەردى، ھاشىم دەمدەرمۇ ئۇزاققا سوزۇلغان خىيالدىن چۆچۇپ ئويغاندى، ئۇ ئىشەكنى بىر چەتكە تارتتى، ماشىنا ئۆتۈپ كەتتى. ھاشىم دەمدەر ھارۋىسىنى يانداپ ئۆتۈپ كەتكەن بۇ ماشىنىدىن ھەيران قالدى:

— تۇۋا، يەنە نېمە ئىش يۈز بېرەر بۇ مەھەللىدە، بۇ كېچىدە ماشىنا بىلەن كەلگەن كىمدۇر زادى؟...

## 3

ناھىيە باشلىقى ئۇنىئالغۇدىن ئاڭلىنىۋاتقان مۇقام مۇقەددىمىسىنىڭ سېھىرلىك يېنىك ئەللەيلىشى بىلەن ماشىنىدا ئولتۇرۇپ كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەنىدى، شۇڭا، ماشىنىنىڭ ھاشىم دەمدەر بىلەن قاسىم دەمدەر ئولتۇرغان ھارۋىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالدى. قاسىم دەمدەر ئېيىتىپ بەرگەن يۇرت بەلگىسىگە ئاساسەن يىراقتىن ئاندا ـ ساندا چىراغ كۆرۈنۈۋاتقان كۆجۈم مەھەللىنى ھاشىم دەمدەرنىڭ مەھەللىسى دەپ پەرەز قىلغان باشلىق مەھەللىگە يېقىن كەلگەندە، ماشىنىدىن چۈشۈپ شوپۇرنى ناھىيە بازىرىغا قايتۇرۇۋەتتى ۋە يانفوننى ئېتىۋېتىپ سومكىسىغا سالدى ـ دە، قۇم كېچىپ يۈرۈپ كەتتى.

سىكىنىخان ھاشىم دەمدەر بىلەن قاسىم دەمدەردىن ئەنسىرەپ خېلى ئۇزاققىچە مۈگدەپ ئولتۇرۇپ كۆزى ئۇيقۇغا ئەمدى ئىلىنىۋىدى، ئاۋۋال ھويلىدىكى ئىت قاۋىدى، كېيىن

ئىشىك قېقىلدى. سىكىنىخان چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ سىرتقا چىقتى:

— كىممۇ؟!

— مەن.

بۇ ناتونۇش ئاۋازدىن سەل گۇمانسىرىغان سىكىنىخان قايتىلاپ سورىدى:

— مەن دېگەن كىممۇ؟!

— مەن ئاقسۇدىن كەلگەن كەپتەر سودىگىرى.

سىكىنىخان ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئېچىلىپ بولغۇچە، ھېلىقىچە قاۋاشتىن توختىمىغان ئالا ئىت ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ چىقىرىپ مېھماننى قورقۇتۇۋەتتى، سىكىنىخان پۇتى بىلەن ئىتنى تېپىپ ھويلىغا كىرگۈزۈۋەتكەندىن كېيىن مېھمانغا تىكىلدى.

— بۇ يۇرتتا ھاشىماخۇن دەيدىغان كاتتا كەپتەرۋازنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ كەلگەنىدىم، كەچ كىرىپ كېتىپ ئۇنىڭ ئۆيىنى تاپالمايۋاتىمەن، شۇڭا ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلاي دەپ...

— كەچۈرسىلە، مېھمان، ھاشىماخۇننىڭ ئۆيى مۇشۇ. بىراق ئۇ كىشى ئۆيدە يوق، شەھەرگە كىرىپ كەتكەن، شۇڭا ئەر خەقلەر پەيدا بولغۇچە يات كىشىنى ئۆيگە كىرگۈزەلمەيمەن، — سىكىنىخان ئۆزرە ئېيتىپ تۇرۇۋالدى.

ھاشىم دەمدەرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ مېھماننىڭ پۇت - قولىغا جان كىرگەندەك بولدى.

— ھە، ھاشىماخۇن ئۆيدە يوقكەندە، ئەستا، بۇ كېچىدە قەيەرگىمۇ بارارمەن، خاپا بولماي بىر چىنە سۇ بەرگەن بولسىلا.

— بولىدۇ، مەن سۇ ئاچىقىپ بېرەي.

سىكىنىخان ئىتنى ھويلىنىڭ ئىچكىرىسىگە ھەيدىۋەتكەندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ھايال بولماي بىر چىنە سۇ ئېلىپ چىقتى. سۇ ناھايىتى تۈزلۈق بولۇپ مېھمان ئۆمرىدە بۇنداق تۈزلۈق سۇنى ئىچىپ باقمىغانىدى، شۇنداقتىمۇ چاندۇرماسلىق ئۈچۈن سۇنىڭ يېرىمىنى تۆكۈۋېتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى چىقىرىپ ئېغىزىنى سۈرتتى.

ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراقلايتتى، يىراقتىن رېزىنكە چاقلىق فىگولو ھارۋىنىڭ چاقى بىلەن چاق ئوقىنىڭ سۈركىلىشىدىن چىققان ئاۋاز بۇ پايانى قۇملۇقنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ يېقىمسىز غىچىرلايتتى. ھاشىم دەمدەرنىڭ ئاچچىق موخوركىسىنىڭ تونۇش پۇرىقى سىكىنىخانغا ئېرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بەرمەكتە ئىدى.

— ئەنە ئۆيدىكىلەرمۇ كەلدى بولغاي؟!

سىكىنىخاننىڭ پۈت - قولىغا بىر ئاز جان كىردى.

— بەلكى باشقىلارنىڭ ھارۋىسىمىكىن، — دېدى مېھمان قەستەن سىكىنىخاننى گەپكە سالماقچى بولۇپ.

— ياقەي، ئۆزى شۇ.

مېھمانمۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. سىكىنىخاننىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلۈپ بولغۇچە، ھاشىم دەمدەر ئولتۇرغان ھارۋا ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كەلدى - دە، ھاشىم دەمدەر بۇ ناتونۇش مېھماننى كۆرۈپ سىكىنىخانغا تىكىلدى.

— سو... سودىگەر... كەپتەر سودىگىرى ئىكەن، بۇ يەرگە سىلىنى ئىزدەپ چىقىپتىكەن...

ھاشىم دەمدەر مېھمانغا بىرقۇر سەپسېلىپ بىر قارىۋەت-

كەندىن كېيىن ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى ۋە هارۋىنى ئوغ-
لىغا تاپشۇرۇپ مېهماننى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. قا-
سىم دەمدەر ئېشەكنى چىقىرىپ ئوتقا قويۇۋەتكەندىن كېيىن
ئۆيگە كىردى - دە، ئۆينىڭ تۆرىدە ئولتۇرغان مېهماننى
كۆرۈپ هەيرەتتە قالدى. مېهمانمۇ قاسىم دەمدەر بىلەن
ئۇچرىشىپ قالغان كۆزىنى «گەپ قىلما!» دېگەننى ئىشارە
قىلىپ سەل - پەل قىسىپ قويدى.

قاسىم دەمدەر باشلىقنىڭ كۆز قىسىشىدىن نېمە دېمەك-
چى بولغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئىشقىلىپ، داستىخاننىڭ بىر
چېتىگە بېرىپ قورۇنۇپ ئولتۇردى، سىكىنىخان بولسا ها-
شىم دەمدەر شەهەردىن ئېلىپ چىققان ئاق نان بىلەن چاي
كەلتۇردى. «توۋا! بۇ ئادەم ئۆزىنى كەپتەر سودىگىرى دەۋا-
تىدۇ. مەن كۆرگەن كەپتەرۋازلارغا ئەجەب ئوخشاشمايـ-
دىغۇ؟» هاشىم دەمدەر ئويلىنىپ قالدى.

چايمۇ ئىچىلىپ بولدى، مېهمان ئۆيدىكىلەرگە گەپلە-
شىۋېلىش، ياتىدىغان جاينى سېلىۋېلىش ئىمكانىيىتى يارد-
تىپ بېرىش ئۈچۈن هاجەت قىلىۋېلىشنى باهانە قىلىپ قا-
سىم دەمدەرنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى.

— ئەستا، ماۋۇ خوتۇننى، تونۇمايدىغان ئادەمنى بۇ
يەردە تۇتۇپ تۇرغۇچە، «ئۆيدە مەندىن باشقا ئادەم يوق» دەپ
يولغا سېلىۋەتسەڭ بولمامدۇ؟

— بولدى قىلسىلا، بولىدىغان ئىش بولدى. ئەمدى بۇ
مېهمانغا قايسى كۆرپىنى سېلىپ، قايسى يوتقاننى يېپىپ
قويىمىز؟

— ئاشۇ گەپنىمۇ مەندىن سورامتىڭ، خوتۇن كىشى
بولغاندىكىن ئۆزۈڭ بىلىپ بىر ئىش قىلمامسەن.

— ئەستا، «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، — سىكىنىخاننىڭ بېشى قېتىپ ئۆينىڭ ئىچىدە چۆرگىلەپ قالدى - دە، تۇيۇقسىز ئەقىل تاپقاندەك ھاشىم دەمدەرگە تىكىلدى، — ئىككىمىزنىڭ تويلۇق يوتقان - كۆرپىمىزنى سېلىپ بېرەيلى.

— نېمە؟! ھەي ھاماقەت خوتۇن، ئىككىمىزنىڭ بەدىنى تەگكەن بىر يوتقان كۆرپىگە غەيرىي ئادەمنىڭ بەدىنى تەگسە قانداق بولىدۇ؟

— تەتۈرسىگە يېپىپ قويىمەن.

— تەتۈرسىگە؟ بولدى، نېمە ئىش قىلساڭ چاققانراق قىلغىن!

ھاشىم دەمدەر خالتىسىدىن تاماكا ئېلىپ يۆگەشكە باشلىدى. مېھمان قاسىم دەمدەرنىڭ مورىسىگە يېنىك شاپىلاقلاپ تۇرۇپ:

— بالام، مەن مۇشۇ ناھىيىنىڭ باشلىقى، بىراق مېنىڭ كىملىكىمنى ھازىرچە ئاتا - ئاناڭغا دېمەي تۇرغىن، بۇ يۇرتتا بېجىرىدىغان بىرنەچچە كۈنلۈك ئىشىم بار. ئىشىم تۈگىگەندە ئۆزۈم دەيمەن.

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە سياھ قۇتىسىدىن ياسالغان كىرسىن چىرىغى ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. مېھمان ئۆينىڭ تۆر تەرىپىگە جايلاشتۇرۇلغان ئورۇننى ئۆزىگە تەييارلانغان ئورۇن دەپ قىياس قىلىپ ئىچ كىيىمى بىلەنلا يېتىپ قالدى. قاسىم دەمدەرمۇ كۈندىلىك ئادىتى بويىچە دادىسىنىڭ يوتقىنىغا كىرىپ تەكىيىگە باش قويغاندىن تارتىپ خېلى ئۇزاققىچە كۆزى ئۇيقۇغا بارمىدى. ئۆز ۋاقتىدا مۇئەللىم ناھىيە ھاكىمىنىڭ ئىسمىنى دەپ بەرگەندە، «ھاكىم

دېگەن كىم بولسا بولامدۇ؟ نەچچە يىلدا بىر قېتىم ئالمى-
شىپ تۇرىدىغان بۇ باشلىقلارنىڭ ئىسمىنى يادلىغۇچە دەر-
سىمنى يادلاي! » دەپ ئويلىغان بۇ بالا بۇ ئىسمىنى يادىدا
ساقلاشقا ئىنتىلمىگەنىدى. «بۇ ھاكىمنىڭ ئىسمى نېمە بول-
غىيتتى ـ ھە! » ...

ئۇ ئەنە شۇنداق ئەپسۇسلۇق خىياللار بىلەن قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى.

## 4

ئەتىسى ھاكىم ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن بۇ مەھەللىدىن كەتمەي، قاسىم دەمدەر بىلەن يەنە ئاشۇ كەپتەرۋازلىق كەسپى ھەققىدە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سۆزلەشتى.

— گېپىڭىزگە قارىغاندا، كەپتەرچىلىك كەسپى بىلەن بېيىپ يۇرتتا خېلى ئاتىقى بار كەپتەرۋازغا ئايلىنىپسىز، بۇ يۇرتتىمۇ كەپتەر باقىدىغانلار كۆپىيىپ، كەپتەرچىلىك كەسپى بويىچە داڭلىق كەنتكە ئايلىنىپتۇ، ئەجىبا، ھويلىڭىزدا بولسۇن ياكى بۇ مەھەللىدە بولسۇن، بىرەرمۇ كەپتەر كۆر-مىدىمغۇ؟

ھاشىم دەمدەر موخوركىسىنى نەيچە قىلىپ يۆگىدى ـ دە، قاتتىق ـ قاتتىق شوراشقا باشلىدى. قوۋۇزىغا تولدۇرۇ-ۋالغان تاماكا تۈتۈنىنى ئالدىرىماي پۈۋلىدى ـ دە، چارۋىچى-لىققا مەسئۇل مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ھەققىدە يېڭى ـ يېڭى ھېكايىلەرنى سۆزلەشكە باشلىدى.

ھاشىم دەمدەرنىڭ ئۆيىدە ئېچىلغان شۇ قېتىمقى نەق مەيدان يىغىنىدىن كېيىن توختاخۇن دەيدىغان ھېلىقى مۇئا-

ۋۇن يېزا باشلىقى بۇ كەنتكە پات ـ پات كېلىدىغان، كەلگەن-
دىمۇ ماشىنا كەينىگە بىرەر چوڭ سېۋەت، قەپەس قاتارلىق
نەرسىلەرنى سالغاچ كېلىپ دېھقانلاردىن پۇل بەرمەي باچكا
يىغىپ كېتىدىغان بولۇۋالدى. دېھقانلار توختاخۇننىڭ بۇ
ئىشىغا كۆڭلىدە نارازى بولسىمۇ، بىراق ئېغىزىدىن چىقى-
رالمايتتى. كېيىنچە، يېزىدا «توختاخۇن يېزا باشلىقى بوپ-
تۇ» دېگەن خەۋەر تارقىلىپ يۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن توخ-
تاخۇن بۇ كەنتكە بۇرۇنقىدەك كۆپ كەلمەيدىغان، كەلسىمۇ
ئىلگىرىكىدەك بىكارغا باچكا ئېلىپ كەتمەيدىغان، كەنت باش-
لىقىنىڭ ئۆيىدە قوي سويدۇرۇپ يەپ، هاراق ئىچىپ كېتى-
دىغان بولدى.

توختاخۇن يېزا باشلىقى بولۇۋىدى، ئىلگىرى بار بولغان
تۈرلۈك ئالۋان ـ سېلىقنىڭ ئۈستىگە يەنە باچكا ئالۋىنىمۇ
قوشۇلدى. ئىلگىرى بۇنداق سېلىق كەپتەر باققان ئائىلىلەر-
گىلا قويۇلاتتى. كېيىنچە، كەپتەر باقمىغان ئائىلىلەر بۇ
خىل سېلىقتىن بىزار بولۇپ كەپتەرلىرىنى سېتىۋەتتى ياكى
يەپ تۈگىتىۋەتتى. سېلىق تاپشۇرىدىغان ئائىلىلەر بارغانسې-
رى ئازلاپ كەتكەنلىكتىن، ھەربىر دېھقان تېرىۋاتقان يېرى-
نىڭ ھەر موسىنىڭ بېشىغا يىلىغا بەش دانە باچكا تاپشۇرۇش
چارىسى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. بۇ خىل باچكا ئالۋىنى
باشقا ئالۋانلارغا ئوخشاش يىل بېشىدا ياكى يىل ئاخىرىدا
يىغىۋېلىنماي، يېزىغا مېھمان كەلگەندە ياكى ناھىيىدىن تې-
لېفون ئۇقتۇرۇشى كەلگەندە قەرەلسىز يىغىۋېلىناتتى. كەپ-
تەر باقمىغان ئائىلىلەرمۇ ئالۋان كەلگەن ھامان قەيەردىن
بولمىسۇن، باچكا تېپىپ تاپشۇرۇشى لازىم ئىدى. كۈنلەر-
نىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئەھۋالدىن ھەيران بولۇشقان دېھقانلار

ئارىسىدا ھەر خىل مىش - مىش گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى.

— ھەي، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ گېپىنى باشلىدى كۆۋرۈك بېشىدا گازىر ساتىدىغان بارات باققال، — چوڭ بازاردىكى قار - مۇز ساتىدىغان مامۇت پەلسەپەنىڭ ئېيتىشىچە، يېقىندا ناھىيە بازىرىدا باچكا قېنىدا ھاراق ئىشلەپ چىقىرىدىغان بىر زاۋۇت قۇرۇلغانمىش.

— ۋۇي، بولدى قىلە، ئەتىگەندىن بېرى دوغىپىنى ماختاپ ھالى قالمايدىغان مامۇت كاپكاپ ئۇ، ئەگەر ئۇنىڭدىن «سېتىۋاتقان دوغىپىڭ ئىسسىقمۇ، سوغۇقمۇ؟» دەپ سورىساڭ، تەپ تارتماي «ھۆل ئىسسىق» دەپ جاۋاب بېرىدىغان ئۇ يالغانچىنىڭ گېپىگە كىم ئىشىنىدۇ؟

— مامۇت پەلسەپەنىڭ گېپىگە ئىشەنگىلى بولمىغان بىلەن، بارات باققالنىڭ گېپىنى راستمىكىن دەيمەن. بۇرۇنىسىدىمۇ مۇسەللەس ئېچىتىدىغان ئۇستىلار مۇسەللەسكە كۆك كەپتەرنىڭ قېنىنى ئېقىتىپ، باچكا گۆشى چىلاپ قويىدىكەندۇق. بولمىسا توختاخۇن باشلىق شەھەرگە ئەكىرىپ كېتىۋاتقان شۇنچە كۆپ باچكىنى ئەمەلدار يەپ بولالامدۇ؟

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، — دېدى يەنە بىرى قولىدىكى موخوركىسىغا ئوت يېقىۋېتىپ، — باچكا گۆشى بىلەن باھنى قۇۋۋەتلەيدىغان كۇمىلاچ دورا ياسىغۇدەك دەيدىغۇ؟

— مەنمۇ شۇنداقمىكىن دەپ ئويلىغان.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن توڭۇپ كەتكەن ئالىقانلىرىنى تونۇر لېۋىدىكى شورغا تەگكۈزۈپ تورۇپ، — توختاخۇن باشلىق يېقىندا ناھىيىگە مۇئاۋىن ھاكىم

بولغۇدەكمىش.

— ئۇنىمۇ يوققا چىقارغىلى بولماس، توختاخۇن دېگەن بۇ كىشى باشلىق بولىدىغان مەكتەپتە ئوقۇمىغىنى بىلەن، يېزىدىكى باچكىلارنى ناھىيە باشلىقلىرىدىن تارتىپ ھەتتا ۋىلايەت، رايون باشلىقلىرىغىچە توشۇۋاتىدۇ ئەمەسمۇ.

— توۋا دەڭلار، باچكىنى بۇ جاڭگالدىن ئۇ يەرلەرگە ئاپىرىپ بولغۇچە ئۆلۈپمۇ قالار.

ناھىيە باشلىقى ھاشىم دەمدەرنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىردىن بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك بولدى، ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئايالى ئېتىپ بېرىدىغان باچكا توغرالغان ئۇماچتىكى باچكىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە توختاخۇننى ئۆستۈرۈپ قويۇش توغرۇلۇق يۇقىرىدىن پات - پات كېلىپ تۇرىدىغان تېلېفونلارنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى. دېمىسىمۇ، بۇ قېتىم ئۇ «ۋىلايەتتىن كەلگەن كادىرلارنى ئۇقۇشۇش» گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار ئالدىدا توختاخۇننى ئۆز ئاغزى بىلەن ماختاپ مۇئاۋىن ھاكىملىق نامزاتىغا كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭ يۇرىكىنى سىقىۋاتقان كىشى ھاشىم دەمدەرمۇ ياكى توختاخۇنمۇ، بۇنىسى ناھىيە باشلىقى ئۈچۈن بىر تېپىشماق ئىدى.

— قايسى ساراڭ كەپتەرنى تىنچلىق ئەلچىسى دەپ قويۇپتىكىن، بىزنىڭ بۇ يەرگە قاچانكى كەپتەر بىلەن باچكا پەيدا بولدى، دەل شۇ زاماندىن باشلاپ يۇرتنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلدى. كىشىلەر يۇرتنى تاشلاپ كېتىشكە باشلىدى.

شۇ چاغدا ھاكىمنىڭ ئېسىگە بىر ئىش كەلگەندەك، قولىدىكى تاماكىسىنى شورىۋالغاندىن كېيىن ھاشىم دەمدەردىن سوراپ قالدى.

— ھە، راست، سىز نېمىشقا مەھەللىنى تاشلاپ بۇ

قولۇققا كېلىۋالدىڭىز؟

— مەن قولۇقنى ياخشى كۆرىمەن، — ھاشىم دەمدەر ئويلانمايلا جاۋاب بەردى.

— ئىشەنمەيمەن، قولۇقنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەممۇ بولامدۇ، ھەممە ئادەم قولۇقتىن قېچىۋاتسا؟

— دەرۋەقە، قولۇق قورقۇنچلۇق، بىراق مەن ئۇچۇن ئالۋان ـ سېلىقسىز، غوۋغاسىز، تىنچ ـ خاتىرجەم ماكان يەنىلا قولۇق. چۇنكى، بۇ قولۇق ئىلگىرىكى تىنچ ـ خاتىرجەم تۇرمۇشنىڭ شاھىتى، كىم بىلىدۇ، كەلگۈسىدە بىز ياشاۋاتقان كەنت ـ مەھەللىلەر قولۇق ئاستىدا قېلىپ، مۇنۇ قولۇقلار ئاۋات شەھەرگە ئايلىنىپ كېتەمدۇ تېخى. كېيىنچە بۇ يەرلەر راستتىنلا ئاۋات شەھەرگە ئايلىنىپ كەتسە، ماڭا ئورۇن قالماي قالمىسۇن دەپ بۇ يەرگە بالدۇرراق كېلىۋالدىم، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا مېنى بۇ يەرگە ھەيدىۋەتكەن توختاخۇنغا رەھمەت ئېيتسام بولىدۇ.

ھاكىم ھاشىم دەمدەرنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان گەپ-لەرنى ئاڭلاپ سەل تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

— قانداقسىگە توختاخۇنغا رەھمەت ئېيتىسىز؟

— سىز بىلىسىز، يەر يۈزىدە تېرىسا ئۈنىدىغان زىرا-ئەتنى تېرىغاندىن باشقا، ئاسماندا ئۇچىدىغان، يەردە ماڭىدى-غان جانلىقلارغىچە باقتۇق، چېچەك چىقىرىپ مېۋە بېرىدى-غان ئورمانلاردىن تارتىپ يوغىنىسا ياغاچ بولىدىغان دەرەخ-لەرگىچە ھەممىنى تىكتۇق، رادىئودىن ئاڭلىساق بىز دېھقان-لار دۆلەت نوپۇسىنىڭ ئەڭ كۆپىنى تەشكىل قىلساقمۇ، ئاشۇ نۇرغۇن ئىشچى ـ خىزمەتچى، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇ-

چى، ئەسكەرلەرگىچە باقالىساقمۇ بىرلا ئۆزىمىزنى باقالماي-
تۇق، كەپتەر بېقىپ ئازراق بېيىۋېدۇق، بۇ ئىشىمىزغىمۇ
چېچەك چىقتى، توختاخۇندەك كىشىلەر كەپتەرگىمۇ ئالۋان
قويۇپ پۇت - قولىمىزنى بوغقۇچلاپ قويدى. بۇنى ئاز دەپ
ئەتىياز كېلىپ كەپتەرلەر باچكا چىقىراي دېگەندە كەپتەرلەر-
نىڭ ھەممىسىگە كېسەل تېگىپ ئىككى كۈن ئىچىدە ئۆلۈپ
تۈگىدى، ئاپەتتىن ئامان قالغان قىرىق - ئەللىك كەپتىرىم
بار ئىدى، بىر كۈنى ئازراق كۈن نۇرى كۆرسە يوقۇملىنىش-
نىڭ ئالدىنى ئالار دېگەن ئۈمىدتە كەپتەرلىرىمنى ئۇچۇرغى-
نىمنى بىلىمەن، لېكىن كەپتەرلىرىم مەندەك ۋاپاسىز ئىگى-
سىدىن بىراقلا يۈز ئۆرۈپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن پېتى قاي-
تىپ كەلمىدى. ئاخىرى، كەپتەرلىرىم بىلەن يىغلاپ خوش-
لاشتىم. دەل شۇ چاغدا يېزىمىزدا ۋىلايەت بويىچە ئائىلە
باقمىچىلىقى ئۈلگە كۆرسىتىش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىل-
ماقچى بولغانىكەن، كەنت تەۋەسىگە كىرىشى بىلەن توختا-
خۇنىنىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى كىشىنى تىل-
لاپ كەتتى. ئاخىرى ئۇ قەيەردىن ئەقىل تاپتى، «ھەممە
ئائىلە ئۈچ كۈن ئىچىدە ئەللىك جۈپتىن كەپتەر تېپىپ
كېلىپ كەپتەرخانىغا سولىسۇن كېرەك!» دەپ بۇيرۇق
چۈشۈردى.

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، يىلىغا بىر مو يەر ئۇچۇن بەش
دانىدىن باچكا ئالۋىنى تۆلەپ كېلىۋاتقان دېھقانلار ئۇچۇن
بىراقلا ئەللىك جۈپتىن كەپتەر سېتىۋېلىش ئۇلارنى خېلى
تەمتىرىتىپ قويدى. دەرۋەقە، دېھقانلاردا ساتقۇدەك
نەرسە - كېرەكمۇ قالمىغانىدى.

شۇنداق، ھاشىم دەمدەرنىڭ ئۆيىدىمۇ ساتقۇدەك بىر

نەرسە قالمىغانىدى. توختاخۇننىڭ دېھقانلارغا بەرگەن سۆ-
رۈك ۋاقتىغىمۇ بىر كۈن قالدى. ئۇ باشقىلاردىن قەرز
ئالالمىغىنى بىلەن قوشنا يۇرتلاردىكى داڭلىق كەپتەرۋاز ئا-
غىنىلىرىدىن بىرەر قۇما كەپتەر ئەكېلىپ شامالدىن ئۆتتۈۋال-
سىمۇ بولاتتى، بىراق ئۇ بۇنداق قىلىپ تەشكىلىنىمۇ، ئۆزد-
ىنمۇ ئالداشنى خالىمىدى. ئەڭ چاتاق بولغىنى، كەپتەرلەر-
نىڭ ئاشۇ قېتىم كېسەل تېگىپ ئۆلۈپ كېتىشى ۋە قېلىپ
قالغان كەپتەرلىرىنىڭ توپلىشىپ ئۇچۇپ كېتىشى بولدى.
ئۇ كەپتەرگىلا ئەمەس، قاغا، پاختەك دېگەندەك ئاسماندا
ئۇچىدىغانلىكى جان ـ جانىۋارلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆچ بولۇپ
كەتكەنىدى. ئۇ كەپتەرگە ئۆچ بولۇپ كەتتىمۇ؟ ياكى كەپ-
تەرلەر ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قالدىمۇ؟ ئۆزىدىكى بۇ بىزار
بولۇش تۇيغۇسىنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، شۇڭا ئۇ
بىر زامانلاردا پادىچىلار شامالدىن پاناھلىنىش ئۈچۈن سېلىپ
قويغان بۇ كەپىگە بىر كىچىدىلا قېچىپ كېلىپ، ئۈچ يىلدىن
بېرى مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

ھاشىم دەمدەر بىر كۈنى ئايالى بىلەن دۆڭ تۇۋىگە
كۆچەت قويۇۋاتاتتى، توختاخۇن ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا
بولۇپ قالدى ـ دە، كايىپ كەتتى:

— بۇ نېمە ئىش ئۆزى؟!

— ئورمان سېلىۋاتىمىز، يېزا باشلىقى، — دەپ جاۋاب
بەردى سىكىنىخان.

— بىر ئوبدان دەرەخ بار يەردە ئولتۇرماي، ئەمدى
كېلىپ ساياھەت نۇقتىسى قىلىمىز دەۋاتقان بۇ قۇملۇقتا
كۆچەت تىكىشىسلە قانداق بولغىنى؟ ساياھەتچىلەر بۇ يەرگە
مۇشۇ قۇملۇقنى دەپ كەلمىسە نېمىدەپ كېلىدۇ. بۇگۈندىن

تارتىپ بۇ قۇملۇقنىڭ ئەتراپىغا بىر تۇپمۇ كۆچەت تىكىشكە بولمايدۇ!

شۇنىڭدىن كېيىن توختاخۇن بۇ يەرگە پات - پات مېھمان باشلاپ چىقىدىغان، ھەر قېتىم چىققاندا كاتتا زىياپەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، مەشرەپ قىلىپ كېتىدىغان بولۇۋالدى، ئاڭلىساق بۇ قۇملۇقتا تۆمۈر ماددىسى كۆپ بولۇپ، ئادەم بەدىنىگە پايدىلىقمىش، شۇڭا ناھىيىمۇ بۇ قۇملۇقنى ساياھەت ئورنى قىلىشنى پىلانلىغانمىش، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، ھەر قانداق ئەۋزەللىكمۇ ئاپەتكە ئايلىنىدىغان بۇ يۇرتتا قۇم دۆۋىلىرىدەك كۆپ بايلىق بولسىمۇ مېھمان كۈتۈشكە ئەسلا يەتمەيدۇ، دېھقانلارمۇ قەرزدار بولۇپ كېتىدۇ.

ناھىيە باشلىقى بىلەن ھاشىم دەمدەر دۆڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزاق مۇڭداشتى، ھاشىم دەمدەر قۇمغا زوڭ ئولتۇرۇۋېلىپ كۆپكۆك ئاسمان گۈمبىزىگە تويماي قارايتتى، كەپتەرلىرىنىڭ توپ - توپ بولۇشۇپ ئۇچۇپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ، نۇرسىز كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ياش ئالدى.

ناھىيە باشلىقىنىڭ كۆزى قۇم بارخانلىرى يۇتۇپ كېتەي دەپ قالغان كىچىككىنە سەھراغا تىكىلگەن بولۇپ، تاماكىسىنى شورىغىنىچە قۇمغا پېتىپ قالغاندەك مىت قىلماي تۇراتتى. ھاشىم دەمدەرمۇ بۇ ناتونۇش مېھمانغا ئىچ - باغرىغا توشۇپ كەتكەن بارلىق دەردلىرىنى بىراقلا تۆكۈۋېتىپ يەڭگىللەپلا قالدى، مېھماننىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ ئولتۇرمىدى. قاسىم دەمدەرنىڭ پۈتۈن دىققىتىمۇ ئاتا - ئانىسى بىلمەيدىغان ناتونۇش مېھمانغا مەركەزلەشكەن ئىدى. دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ دوستلىرىغا

ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ناھىيە باشلىقىنىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى دەۋې-
تىشكىمۇ تاس ـ تاس قالدى، بىراق ھاكىمنىڭ «بالام،
ھازىرچە كىملىكىمنى ئاتا ـ ئاناڭغا دېمەي تۇرغىن، بۇ
يۇرتتا مېنىڭ بېجىرىدىغان بىرنەچچە كۈنلۈك ئىشىم بار،
ئىشىم تۈگىگەندە ئۆزۈم دەيمەن!» دېگەن گېپىنى ئېسىگە
ئېلىپ يەنە توختاپ قالدى. بىراق، ئۇ دەرستىن چۈشكەندىن
كېيىن ئۇدۇل دادىسى كۆچەت قويۇۋاتقان دۆڭنىڭ تۈۋىگە
كەلدى ـ دە، دادىسىغا راست گەپنىڭ ھەممىسىنى دەۋەتتى،
بۇ چاغدا ھېلىقى مېھمان باشقا دېھقانلار بىلەن سۆزلىشىش
ئۈچۈن مەھەللە ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى.

ھاشىم دەمدەرنىڭ قورقۇنچلۇق كۈنلىرى باشلاندى،
ئۇنىڭ بەدىنى بەزگەك بولۇپ قالغان كىشىدەك تىترەيتتى.
جىسمانىيىتىدىكى نورماللىق پۈتۈنلەي يوقالغان بولۇپ، يۈ-
رىكىنىڭ سوقۇشىمۇ نورمال كۈنلەردىكىدىن ئۆزگەرگەن-
دى، ئۇنىڭ بېشى پىررىدە قېيىپ ئورنىدىن بىرپەس ئولتۇ-
رۇپ قالدى ـ دە، ئىشىنىمۇ داۋاملاشتۇرماي ئۆيگە كەتتى.
كەچ كىرىپ يوتقانغا كىرگەندىمۇ قورقۇنچ ئىچىدە قالدى،
ئۇ «تويە! ناھىيە باشلىقىغا يوتقاننى تەتۈر يېپىپ قويغانغا
تويە!» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە كايىيتتى.

## 5

ناھىيە باشلىقى ساتمىقۇم يېزىسىنىڭ بۇ خىلۋەت كەنتى-
دە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ ھەقىقىي سالاھىي-
تىنى ھاشىم دەمدەردىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمىدى. ئۇ بۇ
بىرنەچچە كۈنلۈك تەكشۈرۈش جەريانىدا ساتمىقۇم يېزىسى-

كى دېھقانلارنىڭ سېلىقىغا، تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بىر-
نەچچە مۇھىم مەسىلىنى تېپىپ چىقتى، توختاخۇننىڭ دېھ-
قانلارنى قاقتى - سوقتى قىلغانلىقىغا دائىر نۇرغۇن پاكىتنى
ئىگىلىدى.

— كەچۈرسىلە، ئاكا، بىز كادىرلارنى ياخشى تاللىماپ-
تۇق، ياخشى باشقۇرماپتۇق، سىلى بۇ كەنتتىكى دېھقانلار-
نىڭ بېيىش ئۈلگىسى.

— باشلىق، ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ بۇ قۇملۇققا
كېلىۋالغان مەندەك بىر كۆك نامرات نەدىمۇ دېھقانلارنىڭ
بېيىش ئۈلگىسى بولسۇن.

— ئۇنداق دېمىسىلە، بۇ قۇملۇققا كۆچۈپ كېلىپ
نۇرغۇن كۆچەت تىكىپ كەنتنى قۇم ئاپىتىدىن ساقلاپ قاپتى-
لا، بۇ يەرنى ھەقىقي قۇشلار جەننىتىگە ئايلاندۇرۇپلا،
خاتىرجەم بولسىلا، سىلىنىڭ ئۇچۇپ كەتكەن كەپتەرلىرى
چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ.

ناھىيە باشلىقى كەنت تەۋەسىدىن ئۇزاپ چىققاندىن كې-
يىن بىر دۆڭنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ ئاندىن شوپۇرغا تېلېفون
قىلدى - دە، يەنە خىيالغا پاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، پۈتۈن
ناھىيىدىكى رەھبىري كادىرلار يېزىلارغا چۈشۈپ، ئىش -
ئەمگەكتە، تۇرمۇشتا، يېتىپ - قوپۇشتا دېھقانلار بىلەن
بىرگە بولۇپ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىپ، ھەقى-
قىي بېيىش يولىغا يېتەكلەشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى ئۈستى-
دە ئىزدىنىشكە باشلىدى. ناھىيە باشلىقىمۇ توك، رادىئو -
تېلېۋىزىيە، سەھىيە، مائارىپ تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى
باشلاپ، ساتمىقۇم يېزىسىنىڭ بۇ خىلۋەت كەنتىگە كېلىپ
ئىش باشلىدى. مەكتەپلەرنىڭ گېزىت چاپلانغان دېرىزىلىرى-

گە ئەينەك سېلىپ، سىنىپ ئىچىگە يېڭى پارتا - ئورۇندۇق-
لار قويۇلدى، مەكتەپ قىرائەتخانىسى يېڭى - يېڭى ئوقۇش-
لۇق بىلەن توشقۇزۇلدى، بالىلار خۇشاللىقىدىن ئۇزۇن چا-
ۋاك چېلىشتى. ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى ئېلىپ
كەلگەن سورتلۇق گۆش كەپتەرلىرىمۇ دېھقانلار ياسىغان يې-
ڭى كەپتەرخانىلاردا توختىماي ئۈنلەپ، بىر - بىرىنى قوغ-
لاشقىلى تۇردى...

مۇشۇ كۈنلەردە يېزا تەۋەسىدە «توختاخۇن باشلىق كې-
كىردەك راكى بولۇپ قاپتۇ، گەپ قىلالماي باچكىغا ئوخشاش
ۋىشىلدايدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئورنىغا يېڭىدىن بىر يېزا باش-
لىقى چىقىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى. توختاخۇن باشلىق-
نىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ راست - يال-
غانلىقىغا بىرنېمە دېگىلى بولمىسىمۇ، يېزىغا يېڭى باشلىق
كەلگىنى راست ئىدى.

كەچ كۈز پەسلىنىڭ بىر كۈنى كۈمۈش رەڭلىك بىر
ماشىنا بۇ كەنتكە يەنە كىرىپ كەلدى. ناھىيە باشلىقى بۇ
قېتىم قايسىبىر شىركەتنىڭ دىرېكتورىنىمۇ بىللە ئېلىپ
كەلگەنىدى. كەچقۇرۇن باشلىق ھاشىم دەمدەرنىڭ ھويلىسى-
دىكى ئاددىي تاماقتىن كېيىن يىلىغا ئەللىك مىڭ دانە باچكا
سېتىۋېلىش توختامى بىلەن زاكالەت قاتارىدا بېرىلگەن يۈز
مىڭ يۈەن پۇلنى يېڭىدىن كەنت مۇدىرى بولغان ھاشىم
دەمدەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ھاشىم دەمدەرنىڭ قولى ھايا-
جاندىن تىترەپ كەتتى. تاماقتىن كېيىن ناھىيە باشلىقى
ناھىيىگە قايتىپ كېتىشكە تەمشىلىۋېدى، ھاشىم دەمدەر
جىددىيلىشىپ:

— باشلىق، كەچ كىرىپ قالدى، بىر كېچە قونۇپ ئەتە

سەھەردە كىرىپ كەتمەملا، بۇ سىلى قونۇپ باقمىغان ئۆي بولمىغاندىكىن؟ — دېدى سەل قورۇنۇپ.

— قونۇپ قالسام ھەرقاچان يوتقاننى تەتۈر يېپىپ قويارسىز.

ھويلىدا كۆلكە كۆتۈرۈلدى، دېھقانلارنىڭ كۆلكىسى بىلەن تەڭ كۈمۈش رەڭلىك ماشىنىمۇ يىراقلاپ كەتكەندى. ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراقلايتتى، ھاشىم دەمدەرنىڭ كۆزىگە ھەربىر يۇلتۇز بىردىن كەپتەر بولۇپ، ئۆزى تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى.

# توختى كاككۇك

ناھىيىلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيىدا ئىشلەۋاتقان ئابلاجاننىڭ بۇ كەنتكە خىزمەتكە كەلگىنىگە ئىككى ھەپتە بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ جەرياندا دېھقانلارنىڭ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەخمۇت ھوشۇرنىڭ ئۈستىدىن بەرگەن پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئاڭلاپ، مەسىلىنىڭ كىچىك ئەمەسلىكىنى بىلدى ۋە يېزىلىق پارتكوم بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئەھۋال مەلۇم قىلىش دوكلاتى يېزىپ، مەخمۇت شۇجىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، تېخىچە ئۇچۇرى بولمىدى.

يۇقىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ئېيتقاندا، كەنتتىكى باشلىقلار ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتىگە دائىر يادلاشقا تېگىشلىك سوئاللارنى چوقۇم يادلىۋېلىشى كېرەك ئىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ساۋاتسىز ياكى يېرىم ساۋاتسىز، يەنە كېلىپ يېشى چوڭ بولغىنى ئۈچۈن سوئاللارنى يادلاشتىن ئىبارەت بىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن پەقەت چىقالمىدى. يۇقىرىنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىگىمۇ بىرنەچچە كۈن قالدى، بۇ ئىش كەنت مەسئۇللىرىنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغىنى بىلەن ئەلۋەتتە ئابلاجاننىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان بىر ئىشقا ئايلاندى. ئۇ ئاخىرى مەخمۇت شۇجىنى ياتىقىغا چاقىردى:

— مەخمۇتكا، يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ناھىيىدىن تەكشۈرۈشكە كېلىدىكەن، شۇڭا باھالىغۇچىلارنىڭ ئالدىغا چىرايلىقراق چىقىشنى ئويلىشايلى. مېنىڭچە، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئارخىپ، ماتېرىياللاردىن چاتاق چىقمايدۇ. بىراق بەنزە ئەزالىرىنىڭ سوئاللارنى يادلىشى يېتەرلىك ئەمەس، مۇشۇ ئىش نۆۋەتتە مېنىڭ بېشىمنى قاتۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا...

— ھەي، كادىر ئۇكام، نېمىدىن ئەنسىرەيسىز؟ خاتىرجەم بولۇڭ، ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. ھېلىقى ھاشىم دەمدەرنىڭ كەپتەرخانىسىدىن بىرنەچچە باچكىنى ئاچىقىپ، يۇڭدىتىپ قويىمىز. ئاندىن پىشقەدەم شۇجى ھەسەن زىبۇنىڭ ئېغىلىدىكى قارا ئوغلاقنى ۋارقىرىتىپ تۇرۇپ بوغۇزلاپلا قازانغا تىقىمىز -دە، مەززىلىك شورپا قىلىمىز، ئۇلار بىز تەييارلىغان شورپىنىڭ پۇرىقىدا جەزمەن مەست بولىدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپ ئابلاجاننىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ قويۇپ لاتا خېيىنى سۆرىگىنىچە ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. دېمىسىمۇ، بۇ كەنتتە توختى كاككۇك دەيدىغان بىرى بولۇپ، ئابلاجان ئۇنى دوقمۇشتىكى كۆۋرۈك بېشىدا بىرنەچچە قېتىم كۆرگەنىدى. بۇگۈن كەچ توختى كاككۇك ئابلاجاننىڭ ياتىقىغا ئۇنى ئىزدەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ يېقىندىن بېرى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ياتىقىغا پات -پات كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى، بەزىدە كوچا -كويلاردا بولۇۋاتقان گەپ -سۆزلەردىن خىزمەت گۇرۇپپىسىنى خەۋەرلەندۇرمەكچى بولۇپ، قانداقتۇر بىر قىزىق گەپلەرنى كۆتۈرۈپ كىرسە، بەزىدە قانداق چۈش كۆرگەنلىكى ۋە چوڭلارنىڭ چۈشكە قانداق

تەبىر بەرگەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى.

ئورۇقلىقىدىن قۇرۇق جىنازىغىلا ئوخشايدىغان بۇ ئادەم مۇشۇ كەنتتىكى بىر پومېشچىكنىڭ توقلىدىن تۇغۇلغان بالىسى ئىدى. ئىلگىرى «بەش خىل تەركىب» دىكىلەرنى كۆرەش قىلغاندا، ئانىسى كېسەل تىگىپ بىر كېچىدىلا قازا قىلغاندىن تارتىپ بۇ ئەتىۋارلىق ئوغۇل ئانىسىدىن ئايرىلىپ قىلىپ كوچا - كويلاردا سەرگەرداي بولۇپ كەتتى. جان بېقىشقا ئەسقېتىپ قالار دېگەن ئويدا تۇرلۇك جان - جانىۋار-لارنىڭ ئاۋازىنى دوراشنى، بۇرغا، نەي چېلىشنى ئۆگىنىۋال-دى، شۇنىڭ بىلەن بەزىدە مەھەللىنىڭ تەشۋىقاتچىسى بو-لۇپ، ئېتىز بېشىدا ئولتۇرۇپ قاڭالتىر كاناي بىلەن ئۇزۇن-دى ئوقۇپ بەردى، ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى يادلاشتىكى نەمۇنچى بولۇپ سايلىنىپ خېلى يەرلەرنى ئايلىنىپمۇ كەل-دى، يەنە كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولۇش ئىشىمۇ نەچ-چە قېتىم ئىلتىماس يېزىش ئارقىلىق ئاخىرى ئەمەلگە ئاش-تى. قالايمىقانچىلىق يىللاردا ئۇ شەھەرگە كىرىۋېلىپ تۇر-لۇك قۇشلارنىڭ ئاۋازىنى دوراپ، ناخشا - غەزەل توۋلاپ، كىشىلەر بەرگەن خەير - ئېھسانغا تايىنىپ جان بېقىپ يۈردى، جاھان ئوڭشىلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندە بولسا يەرلەر ئاللىبۇرۇن كۆتۈرە بېرىلىپ بولغان، ئۇنىڭغا يەر قالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەنت مەسئۇللىرىنىڭ ئو-رۇنلاشتۇرۇشى بىلەن دېھقانلارنىڭ چارۋىلىرىنى بېقىپ بې-رىدىغان ئىشقا مەسئۇل قىلىندى. توختى كاككۇك ھەر كۈنى ئەتىگەندە كەنت دوقمۇشىدىكى ناۋاينىڭ تونۇرى بېشى-دىن قوپۇپلا بۇرغىسىنى چېلىپ ماڭىدىغان بولسا، دېھقانلار ئۆي - ئۆيلەردىن كالىلىرىنى ھەيدەپ چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا

سېلىپ بېرىشەتتى. ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ، توختى
كاككۇك خېلى داڭقى بار پادىچىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ بەزىدە
بۇرغىسىنى چېلىپ پادا يىغسا، بەزىدە نەيىنى چېلىپ پادى-
لارنى يىغىدىغان، يەنە بەزىدە كاككۇك قاتارلىق جانىۋارلارنى
دوراپ پادىلارنى يىغىپ، كەنتنىڭ شەرقىدىكى ئىككى ئېقىن
ئارىسىغا جايلاشقان نەچچە مىڭ مولۇق يايلاقنىڭ ئەڭ ئوبدان
يېرىگە ئاپىرىپ باقاتتى، كەچقۇرۇنى كالىلارنىڭ قورسىقىنى
تومپايتىپ يېنىپ كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن كەنتتىكى دېھقان-
لارنىڭ چارۋىلىرىمۇ يىلسېرى ئاۋۇپ، كەنت چارۋىچىلىقتا
نامى بار كەنتكە ئايلاندى، قوشنا كەنتتىكى دېھقانلار نۇرغۇن
ھەق بېرىش بەدىلىگە ئۇنى چارۋىلىرىنى بېقىپ بېرىشكە
تەكلىپ قىلىشقان بولسىمۇ، توختى كاككۇك ئۆزى تۇغۇلۇپ
چوڭ بولغان بۇ يەردىن مېھرىنى ئۈزەلمەي بارغىلى ئۇنىمى-
دى. كەنتتىكىلەرمۇ ئۇنىڭ پادا بېقىشىدىن رازى بولۇشۇپ
يىل ئاخىرىدا بىرەردىن ئوغلاق بېرىپ ئەجرىگە جاۋاب قايتۇ-
رۇشتى، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن توختى كاككۇكمۇ
قىرىق - ئەللىك ئۆچكىلىك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆچكىلى-
رىنىڭ ئوغلىقى بازارغا ئۇلگۇرمەيتتى، ئوغلاق كاۋىپى يەي-
دىغان بايۋەچچىلەر ئۇنى ئىزدەپ ئۆيىگىچە كېلەتتى.

بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن، بىر كۈنى ئەتىگىنى توختى
كاككۇك ئادىتى بويىچە كاككۇكنىڭ سايرىشىنى دوراپ پادىلا-
رنى يىغىپ، ئىككى ئېقىن ئارىسىدىكى يايلاقتا ھەيدەپ كې-
تىۋاتقىنىدا يېزا مەركىزىدىن بۇ كەنتكە تۇتىشىدىغان تاش-
يولدىن نۇرغۇنلىغان تراكتورلارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىنى
ئاڭلاپ قالدى. شۇ كۈندىن كېيىن، توخت كاككۇكنىڭ
نەيىنىڭمۇ، بۇرغىسىنىڭمۇ ئاۋازى قەيەرلەرگىدۇر غايىب

بولدى. پۈتۈن يايلاق كېۋەز تېرىش ئۈچۈن بوز يەر ئاچىدىغان تراكتورلارنىڭ شاۋقۇن - سۈرىنى بىلەن جانلىنىپ كەتتى. ناھىيىنىڭ پاختىدىن مول ھوسۇل ئېلىش پىلانىغا ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن توغراقلىق كەنتىنىڭ «تاشلاندۇق» يەرلەرنى كېۋەز يېرىگە ئايلاندۇرۇش تەجرىبىسى ناھىيە باشلىقلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى، يېزا دەرىجىلىك نەق مەيدان يىغىنىمۇ مۇشۇ كەنتتە ئېچىلدى.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئېچىلىۋاتقان يايلاقنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا پادا بېقىپ كېلىۋاتقان توختى كاككۇكقا بۇگۈن مال باققۇدەك يەرمۇ تېپىلمىدى، تراكتورلارنىڭ يېقىمسىز ئاۋازى، نەچچە كۈندىن بېرى تۈزۈك يايلىيالمىغان قوي، كالا، ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشلىرى كەنتنى بىر ئالغانىدى. بۈگۈن ئۇ كۆۋرۈك بېشىغا چىقىۋېلىپ ئۈششاق باللارغا كاككۇكنىڭ ئاۋازىنى دوراپ بېرىۋاتقان پەيتتە مەخمۇت شۇجى ئاساندىن چۈشكەندەك پەيدا بولدى ۋە توختى كاككۇكنى بىر يانغا چاقىرىپ كەتتى.

— توختاخۇن، ئېغىلىڭدا ئوغلاق - پوغلاق باردۇر؟

— تۈنۈگۈن شەھەردىن كاۋاپچى قادىرخان ئۇستامنىڭ ئوغلى چىققانىكەن، پىچاققا يارىغۇدەكلىرىنى ئەكەتتى شۇ، ئېغىلدا قالغانلىرى ئەمدى ئۈچ ئايلىق بولغان بەك ئۈششاق بىرنېمىلەر، مېھمانلارغا يارىماسمىكىن؟

— تولا تىلىڭلارنى چاينىماي ئېغىلنى ئېچىڭلار.

توختى كاككۇك بىرنېمە دەپ بولغۇچە، مەخمۇت شۇجى خۇددى ئۆز ھويلىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك تېز - تېز مېڭىپ كەتتى، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۇ باشلاپ كەلگەن خەلق ئەسكەرلىرى ئېغىلدىن ئېغىزىدىن سۈت پۇراپ تۇرغان

ئوغلاقتىن ئون نەچچىنى تارتىپ چىقىشتى.

— شۇجى، بۇنىڭ پۇلىنى...

— نېمە؟! توختاخۇن، گاچا بولۇپ قالدىڭلارما؟ بۇ يۇرتقا كەلگەندە بىرەر يېتىم ئوغلاق ئەكەلگەنمىدىڭلار، ھە؟ ئويلاپ باقمامسىلەر، ئۇچاڭلاردا ئەستىرى كۆرۈنۈپ قالغان ئەسكى چاپىنىڭلاردىن باشقا ھېچنېمەڭلار يوق ئىدى. كەنت كومىتېتى سىلىنى پارتىيە ئەزاسىكەن، كۈننى ئالسۇن دەپ پادا بېقىشقا قويمىغان بولسا سىلىگە بۈگۈنكى باياشات كۈن قەيەردىن كېلەتتى؟ «توخۇ سەمرىسە كۈرۈكى كىچىكلەپتۇ» دېگەندەك ئىش قىلىپ يۈرمەي، خىجىل بولۇڭلار! ھە، راست، بۇنىڭدىن كېيىن سىلى پادا باقمايدىغان بولدۇڭلار، يېڭىدىن ئېچىلغان يەردىن سىلىگىمۇ يەر بېرىمىز، كېۋەز تېرىيسىلەر، ھە، يەنە تېخى...

پۇلنىڭ گېپىنى قىلىپ سالغىنىغا مەخمۇت شۇجى ئۇنى بۇرنى - قۇلىقىغىچە تويغۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. مەخمۇت شۇجىنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى توختى كاككۇكنىڭ قۇلىقىغىمۇ كىرمىدى.

مەخمۇت شۇجىنىڭ گېپى بويىچە، ئەتىياز كىلىشى بىلەن تەڭ توختى كاككۇكقا بەش مو يەر تەقسىملەپ بېرىلدى. توختاخۇن «مەن يالغۇز جان، بۇنچە كۆپ يەرنى تېرىپ بولالمايمەن، ئەڭ ياخشىسى باشقا ئىش قىلىپ جاھاندارچىلىق قىلاي» دېگەن بولسىمۇ كەنت مەسئۇللىرى ئۇنىمىدى. تېرىلغۇ باشلىنىشتىن بۇرۇن يېزىلىق بانكا كېۋەز تېرىلغۇ مەبلىغى ئۈچۈن مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قەرزگە قول قويدۇردى. توختى كاككۇك كەنتتىكى باشقا دېھقانلارغا ئوخشاش، چىگىت يەرگە چۈشۈپ ئېتىزغا چۈشكەندىن كېيىنكى ھەممە

ئىشلارنى ئۇششۇكتىن، بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، مايسا تۈۋىنى يۇمشىتىش، قۇرت ـ كېپىنەك تۇتۇش، ئۇچىنى ئۇزۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يالغۇز قىلدى.

ئۇمىدكە تولغان ئالتۇن كۈز پەسلى يېتىپ كەلدى. دېھقانلار باشقا زىرائەتلىرىدىن مول ھوسۇل ئالغان بولسىمۇ، كېۋەزدىن كۈتكەن ئۇمىدى يوققا چىقتى. مەخمۇت شۇجىنىڭ ئۆز تراكتورى بىلەن ئۇدا ئۈچ قېتىم چاچقان خىمىيۋى ئوغۇت ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ كېۋەز شادىسىدىن تازا ئوبدان «مول ھوسۇل» ئېلىندى. كېۋەز شادىسى ئادەم بويى بىلەن تەڭ ئۆسۈپ كېتىۋېدى، دېھقانلار ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە، بۇ غۇلغۇلىنىڭ باشلامچىسى يەنىلا توختى كاككۇك ئىدى.

— قانداق گەپ بۇ، نېمىشقا بۇ كېۋەزلەر غوزا تۇتماي شادىسى ئۆسۈپ كېتىدۇ؟

— شۇنى دەيمەن، كېۋەزلەرگە دورا چاچتۇق دەپ سۇ چاچقان گەپ.

— ھەي ئىست، يازىچە قىلغان ئەجرىمىز بىكارغا كەتتى ـ دە!

— بانكا مەجبۇرىي قول قويدۇرغان قەرزلەرنى قانداقمۇ تۆلەرمىز؟

كۆۋرۈك بېشىدا توختى كاككۇكنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ دەرد تۆكۈۋاتقان دېھقانلارنىڭ قېشىغا مەخمۇت شۇجى شەپە چىقارماي يېتىپ كەلدى.

— قانداق، ۋاتىلدىشىپ بولدۇقما؟ ھەرقايسىلىرى دېھقان بولغان بىلەن پەن ـ تېخنىكىنى بىلىشمەيدىكەنلا، دەرەخ دېگەننىڭمۇ شېخى قانچە كۆپ بولسا مېۋىسىمۇ شۇنچە كۆپ

بولىدۇ، تېخى كېۋەزنىڭ شادىسى قۇرۇمىدى، شۇڭا بۇ يەردە قانجۇقتەك قاۋىشىۋەرمەي ئېتىزغا بېرىپ كېۋەزلەرنىڭ غازدىكىنى پۇتايلى!

توختى كاككۇك بىرنەرسە دېيىشكە تەمشىلىۋاتقاندا يەنە بىر پىشقەدەم دېھقان ئۇنى توسۇپ قويدى:

— بولدى قىلسىلا، توختاخۇن، تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغان نەدە بار؟

ئەزەلدىن گەپتە باشقىلاردىن قالمايدىغان توختى كاككۇك قېرى دېھقاننىڭ سۆزىنىڭ ئارقىسىغا ئۇلاپلا:

— شۇ تۇخۇمنىڭ ئاشۇ تاشتا دەردى بار! — دەپ ۋارقىراپ سالدى. مەخمۇت شۇجىنىڭ ئۆتى ۋاژىلداپ قايناپ كەتتى:

— هاي، توختى كاككۇك، نېمىدەپ ۋالاقشىيسەن، ھە؟

«شۇ تۇخۇمنىڭ ئاشۇ تاشتا دەردى بار» دېگەن بىر ئېغىز سۆزى ئۇچۇن توختى كاككۇك شۇ كېچىسى نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ھوشىدىن كەتكۈچە تاياق يېدى. تاياق ئۇنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇ يېتىپ قالغانچە بىرەر ئايچە تالا تۇزگە چىقمىدى. ساقىيىپ ئاپتاپقا چىقىپ ئولتۇرغۇدەك بولغاندا كەنتنىڭ قەرز يىغقۇچىلىرى ئۇنى ئىزدەپ كېلىشتى.

— ھەئە، توختاخۇن، گەدىنىمىزدە ئېشىپ قالغان قەرزنى قانداق قىلىمىز!

توختى كاككۇك ئولتۇرغان ئورنىدىن ئاستا قىمىرلاپ قويۇپ ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقان مەخمۇت شۇجىغا قارىدى:

— قېنى دېسىلە، مېنىڭ قەرزىم قانچە پۇلكەن؟

كەنتنىڭ پاكار، دىقماق كاسسىرى قىزىل تاشلىق ھې-
ساپات دەپتىرىنى ئالدىرىماي ئاچتى:

— بۇ يىل بەش مو كېۋەز تېرىغان مىڭ يۈەن مەبلەغ پۇلى، يەرگە چاچقان ئوغۇت پۇلى قاتارلىقلارنى قوشقاندا جەمئىي ئىككى مىڭ بەش يۈز يۈەن بولىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، كېۋەزنىڭ تۇرلۇك پەرۋىشلىرىنى ياخشى قىلمىغانلى-
قى ئۈچۈن قويۇلغان جەرىمانە، كېۋەز ھۆددە پىلانىنى ئو-
رۇندىيالمىغىنى ئۈچۈن قويۇلغان جەرىمانە پۇلىنى قوشقاندا ئۈچ مىڭ يۈەنگە بارىدۇ.

— دۆلەت دېھقانلاردىن جەرىمانە ئېلىشنى ئاللىبۇرۇن ئەمەلدىن قالدۇرغانغۇ؟

— ھۆكۈمەت جەرىمانىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، بىراق مەن ئەمەلدىن قالدۇرمىدىم، دېھقان مەھسۇلاتنى كېمەيتىپ كىرىمنى ئاشۇرالمىسا، جەرىمانە ئالسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ يەنە پىكىرىڭلار بولسا يۇقىرىغا دەڭلار، ئەمما يۇقىرىغا ئەرز قىلىشتىن بۇرۇن گەدىنىمىزدىكى قەرزلەرنى پۈتۈنلەي ئۈزۈ-
ۋەتكىنىمىز تۈزۈك.

قەرز يىغقۇچىلار توختى كاككۇكنىڭ قەرزگە ھېسابلاش ئۈچۈن بىرنېمىگە چوت سوقالماي تۇرغاندا، ئۆينىڭ ئارقى-
سىدىكى بىرنەچچە ئۆچكە ئەنسىز مەرەپ كېتىشتى. قەرز يىغقۇچىلار ئاخىرىدا توختى كاككۇكنىڭ ئۆيىدىن ئالتە ئۆچ-
كە، ئىككى پارچە كىگىز قاتارلىق نەرسىلەرنى قەرزگە ھې-
ساپلاپ ئاچىقىپ كېتىشتى...

بىر ھەپتىدىن كېيىن توختى كاككۇكنىڭ ئۆچكە سولاي-
دىغان بىر ئېغىز ئېغىلى قالدۇرۇلۇپ، ئولتۇرۇۋاتقان ئاد-
دىي كاكىل سۇۋاق بىر ئېغىز ئۆيىمۇ ئېچىۋېتىلدى. شۇنىڭ-

ـدىن بىرى توختى كاككۆك ئۆي ـ ماكانسىز قالدى. قەيەردە كۈن كەچ بولسا شۇ يەردە يېتىپ ـ قوپۇپ، كىم بىر تاۋاق ئاش بەرسە، شۇنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرىپ كۈن ئۆتكۈزۈش- كە باشلىدى. كېيىنچە، ئۇ سابىق شۇجى ھەسەن زىبۇنىڭ ئۆيىگە قورسىقىنى بېقىپ كىيىم ـ كېچەكنى قىلىپ بې- رىش بەدىلىگە چارۋا باقىدىغان يىللىقچى بولۇپ كىردى.

ھەسەن زىبۇمۇ ئۇنى چارۋا باقىدىغان يىللىقچى دەپ قارىماي ئۆز بالىسى، قېرىندىشى دەپ بىلدى. ئەتىۋارلىق مېھمىنى كەلگەن، مەززىلىك تاماق پىشقان چاغلاردا ئۇنى داستىخاندىن نېرى قىلمىدى. توختى كاككۆكمۇ ھەسەن زى- بۇنىڭ ئەتىۋارلىغىنىغا يارىشا ئۇنىڭ ئىشلىرىنى جان كۆيدۈ- رۈپ قىلاتتى، چارۋىلار تۆللەيدىغان چاغلاردا ھەسەن شۇجى- نىڭ «توڭۇپ قالىسەن، ئۆيدە ياتقىن!» دېگىنىگە ئۇنىماي مال قوتىنى يېنىدىكى خاس ياتاقخانىسىدا ياتاتتى. كۈندۈزى بولسا ئوتۇن يېرىپ، سۇ توشۇيدىغان ئىشلارنى بۇيرۇمىسىمۇ قىلىپ تۈگىتەتتى ـ دە، كۆۋرۈك بېشىغا چىقىپ يىغىلغاد- لارغا تۇرلۇك تۈمەن قۇشلارنىڭ ئاۋازىنى دوراپ بېرەتتى. بەزىدە كەنت ئىستىل ياخشىلاش خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياتىقى- غا كىرىپ تېلېۋىزور كۆرەتتى، گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇيت- تى. ئۇ بۈگۈن يەنە بىر بېرىپ، ئىككى بېسىپ كەنت ئىچىگە كىردى ـ دە، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئىشىكىنى چەك- تى.

— پاش قىلىش يوللۇق، ئەرز قىلىش گۇناھ ئەمەس! مەنكى توختى كاككۆك مۇھىم بىر ئىشنى دوكلات قىلىشقا كىردىم. رۇخسەتمۇ؟

— كىرە، توختى كاككۆك، كىر!

توختى كاككۈك ئىشىكنى پەم بىلەن ئېچىپ ياتاق ئۆيـ-
گە كىـردى ـ دە، ئابـلاجانىنـڭ كارىۋىتى يېنىغا كېلىپ
توختىدى... ئۇلار يېرىم كېچىگىچە مۇڭداشتى، ئابلاجان
كەيىپچىلىكتە خېلى كۆپ يۇمۇر ۋە شېئىرلارنى ئېيتتى،
توختى كاككۈكمۇ تۇرلۇك جان ـ جانىۋارلارنى دوراپ بېرىپ
ئابلاجاننى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇردى. ئاخىرى ھەسەن زىبۇنىڭ
توختى كاككۈكنى ئىزدەپ كىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ سۆھبى-
تى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئەتىسى خىزمەت ئەترىتى يەنە يىغىن
ئاچتى، يىغىندا يۇقىرىدىن كېلىدىغان تەكشۈرۈش ئۆمىكى-
نىڭ ئالدىغا قانداق چىقىش توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ
بېرىلدى.

— مېنىڭچە، باھالاش ئەترىتى كېلىپ بولغۇچە كۆۋ-
رۈك بېشىغا يىغىلىۋالىدىغان بىكار تەلەپلەرنى ئوبدان باش-
قۇرمىساق بېشىمىزغا بالا بولىدۇ.

— نېمىشقا ئەمدى، كىشىلەرنىڭ دەردىنى تۆكىدىغان
شۇنچىلىك يەرنىمۇ تارتىۋالامدۇق؟ مېنىڭچە، كۆۋرۈك بې-
شىغا يىغىلغانلار ئىشلىرىمىزغا دەخلى بولمايدۇ، كاللا قاتۇ-
رۇشىمىزغا تېگىشلىك مەسىلە يەنىلا ئىككى بەنزە ئەزالىرى-
نىڭ يۇقىرىدىن ئۆگىنىشىنى تەلەپ قىلغان سوئاللارنى
يادلاش مەسىلىسى، شۇڭا شۇ ئىشنى بىرنېمە دېيىشەيلى.

— ئۇكاموي، دېدىمغۇ، باھالاش ئەترىتى يېتىپ كەل-
گەندە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەرز قىلىدىغان بىرەرى چىقىپ قال-
مىسىلا نەتىجە سىزنىڭ بولىدۇ، بىز سوئالنى ھەرقانچە
يادلىغان بىلەنمۇ ئەرزچىدىن بىرەرى چىقىپ تىلىنى چايناپ
سالسىلا سىز خىزمەتنى ياخشى ئىشلىمىگەن، دېھقانلارنى
رازى قىلمىغان بولۇپ بۇ سەھرايىقىيامەتتىن بىرەر يىلغىچە

كېتەلمەي قالىسىز. شۇڭا مېنىڭ بىر مەسلىھەتىم بار، سىزگە ياقامدىكىن، ئۇقمىدىم.

— قانداق مەسلىھەت، قېنى دەڭا؟

— مۇنداق ئىش، ئۇكا، نەچچە يۈز يېزا - كەنتى بار بۇ ناھىيىدە ياقا يۇرتتىكى مەندەك بىر شۇجىنى ھەممە ئادەم بىلىپ بولالامتى؟ مېنىڭ ئورنۇمغا سوئال ئۆگىنىدىغانغا باشقا ئادەمدىن بىرنى تاپايلى، مەن دوقمۇشتىكى كاپكاپلارنى بىر يەرگە يىغىپ ئەمگەككە سالاي، شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام ۋەسسالام.

مەخمۇت شۇجىنىڭ بۇ قاملاشمىغان چارىسى ئابلاجانغا يېقىپ قالغاندەك قىلاتتى، ئۇ مۇگدەپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ مەخمۇت شۇجىغا تىكىلدى:

— نېمە؟! بىرسىنى سوئال ئۆگىنىدىغان شۇجىلىققا بەلگىلەيلى دېمەكچىمۇ سىز؟

— ھەئە، شۇنداق قىلساق كاۋاپمۇ كۆيمەيدۇ، زىخمۇ كۆيمەيدۇ. دېمەكچىمەنكى، دېھقانچىلىقنىمۇ تۇتالايمەن، ئەرز قىلىدىغانلارنىڭ ئېغىزىنىمۇ ئىتەلەيمەن، يەنە تېخى سوئال ئۆگىنىدىغان ئىشمۇ ھەل بولىدۇ. قانداق بولامدىكەن؟

ئابلاجان نەچچە ئايدىن بېرى شۇجى ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا يېزىغا يازغان دوكلاتلىرىغا تېخىچە ئۇچۇر بولمايۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئالدى - دە، مەخمۇت شۇجىنى ئۆز ئېغىزىدىن چىققان گېپى بىلەن قويۇۋەتمەكچى بولدىيۇ، بىرەرسىنى ۋاقىتلىق شۇجى قىلىپ بېقىش ئويىنى ئالدىراپ ئاشكارلىمىدى:

— سەل پالاكەترەك چارىكەن بۇ، بىراق بولۇپ قالىد-

غاندەكمۇ تۇرىدۇ، ئۇنداقتا سوئالنىڭ جاۋابىنى يادلايدىغانغا كىمنى بەلگىلەيمىز؟

يىغىن قاتناشچىلىرى قايسىبىر ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ نامزاتلىققا كۆرسىتىشتى، بىراق مەخمۇت شۇجىغا ياق-قىنى ئابلاجانغا ياقمىدى، ياخشى نامزات ئوتتۇرىغا چىقماي قالدى، ئاخىرى يەنە ئابلاجان مەخمۇت شۇجىغىمۇ ياقىدىغان جاۋاب يادلاشتىن ئىبارەت چوڭ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىنمۇ چى-قالايدىغان بىرسىنىڭ ئىسمىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— نېمە؟ توختى كاككۇكنى دەمسىز؟ ئۇ سارائنىڭ گېپىنى قىلمايلا قويۇڭ، شەكىلگە بولسىمۇ، بىر كەنتنىڭ شۇجىسى بولىدىغان ئىش جۇمۇ.

— شۇڭا دەۋاتىمەن. توختى كاككۇك پارتىيە ئەزاسى، ساۋاتلىق، ئەقىللىق، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىمۇ يۇقىرى، ئىلگىرى ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشتە يېزا بويىچە نەمۇنىچىمۇ بولغان. پەمىمچە، توختى كاككۇكنىڭ ئېغىزى ئېتىلسىلا باشقىسى ئەرز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، شۇڭا ئۇنى كەنتتىكە مۇۋەققەت شۇجى قىلىپ قويۇپ ئېغىزىنى ئەتمەمدۇق!

ئابلاجاننىڭ كېيىنكى چۈشەندۈرۈشىدىن كېيىن ھەم-مەيلەن توختى كاككۇكنىڭ بۇ ئىشقا لايىق ئىكەنلىكىنى بىر ئېغىزدىن ئېتىراپ قىلىشتى. ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپ، توختى كاككۇك سوئال يادلاش بىلەن، باشقا كادىرلار ۋە ئابلاجان كەنتنىڭ تەشكىلى ئىسخىمىسىدىكى ئىسىملىكنى ئۆزگەرتىپ، مەخمۇت شۇجىنىڭ سۈرىتىنىڭ ئورنىغا توختى كاككۇكنىڭ رەسىمىنى چاپلاشتى. توختى كاككۇكمۇ يېڭى شىم - چاپان كىيىپ ساقال - بۇرۇتىنى ئېلىپ، ئادەم

ئىسكەتنگە كىرىپ قالدى. بىر ھەپتىگىچە توختى كاككۆك
كەنتتىن چىقماي سوئال ئۆگىنىدىغان، مەخمۇت شۇجى دېھ-
قانلارنى ئىشقا سېلىش بىلەن مەشغۇل بولىدىغانغا پۇتۇشتى.
ئاخىرى ئۇلار كۈتكەن باھالاشمۇ يېتىپ كەلدى. تەك-
شۈرۈش ئۆمىكىنى يەنە بىر باشلىق بىلەن پارتكومىنىڭ مۇئا-
ۋىن شۇجىسى ئابباس باشلاپ كەلگەنىدى، ئابلاجان ئابباس
شۇجىغا توختى كاككۆكنىڭ بۇ كەنتكە مۇۋەققەت شۇجى
بولغانلىقىنى ئەسكەرتىپمۇ ئۈلگۈردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپ-
پىسى كەنت ئىشخانىسىغا كىرگەندە بولسا توختى كاككۆك
تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ
كۆرۈشۈپ چىقتى. كەنت ئاياللار مۇدىرى ئايزىمخان مېھمان-
لارغا چاي قۇيۇپ بولغۇچە، توختى كاككۆك كەنتنىڭ ئومۇ-
مىي ئەھۋالىنى ئابلاجاننىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنىدىنمۇ ئاشۇرۇپ-
راق دوكلات قىلىشقا باشلىدى. دوكلات قىلىش ئاخىرلاشقان-
دىن كېيىن گۇرۇپپا باشلىقى توختى كاككۆكتىن ئۆگەنگەن
مەزمۇنلار ئاساسىدا چۈشەنچىسىنى سۆزلەپ بېقىشنى تەلەپ
قىلدى. توختى كاككۆك كۆڭلىگە پۈكۈۋالغىنى بويىچە، ئاۋ-
ۋال ئىستىل ياخشىلاش خىزمىتى باشلانغاندىن كېيىنكى
ئۆزگىرىشلەر، كەنت مەسئۇللىرىنىڭ دېھقانلارغا قىلىپ
بەرگەن ئەمەلىي ئىشلىرى توغرىسىدا ناھايىتى سىستېمىلىق
سۆزلىدى، ئاخىرىدا زال ئىچىدە گۈلدۈراس چاۋاكلار چېلى-
نىپ كەتتى. تەرجىماننىڭ تەرجىمىسىدىن كېيىن تەكشۈ-
رۈش گۇرۇپپىسىنىڭ يەنە بىر باشلىقى باشمالتىقىنى چىقى-
رىپ توختى كاككۆكنى بىرمۇنچە ماختىدى ۋە بۇ قېتىمقى
ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتىدىن پات يېقىندا ناھىيە بويىچە
تەسىرات سۆزلەيدىغانلىقىنى، شۇڭا ھەر ۋاقىت تەييارلىق

قىلىپ قويۇشىنىڭ لازىملىقىنى تاپىلاپ، مەخمۇت شۇجى تەييارلىغان تاماققىمۇ توختىماي كېتىپ قېلىشتى.

ئارىدىن ئون كۈنچە ئۆتۈپ كەتتى، توختى كاككۇك يەنە ھەسەن زىبۇنىڭ ئۆيىگە قايتىپ مال چارۋىسىنى بېقىۋەردى. مەخمۇت شۇجىمۇ بۇرۇنقىدەك كەنتنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋەردى. ئابلاجانمۇ ئەتىگىنى كەنت بەنزە ئەزالىرىغا ئۆگىنىش قىلىپ بېرىپ، باشقا ۋاقىتلاردا دېھقانلار ئىنكاس قىلغان چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، يايلاقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئېكولوگىيىنى ياخشىلاش، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ئەركىن تېرىقچىلىق قىلىپ بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكىر - ئىنكاسلىرىنى ئاڭلاپ يۇقىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئەگەر ئۇنىڭ دوكلاتى تەستىقلىنىپ كەنتكە يېڭى شۇجى قويۇشقا توغرا كەلگەندە، توختى كاككۇكنى شۇجى قىلىپ تەيىنلىمىسە بولمايتتى. ئۇ كۈندە بىر دېگۈدەك دوكلات يازاتتى، بىراق ئۇچۇرى بولمايتتى. ئۇ ئاخىرى يېزا باشلىقىنى ئىزدەپ باردى، بىراق بۇنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. ئوتتۇرا بوي، ئۆڭى قارا، ياشقىنە بۇ يېزا باشلىقى «مەخمۇت شۇجىگە دېھقانلارنىڭ پىكرى كۆپ بولسىمۇ، بىراق ئۇ يېزا مەسئۇللىرىنىڭ گېپىنى ئوبدان ئاڭلايدۇ، يېزىغا بىرەر تەكشۈرۈش ئۆمىكى كەلسە ھازىرغىچە ئالدىغا چىرايلىق چىقىپ كېلىۋاتقىنىمۇ يەنىلا ئاشۇ توغراقلىق كەنتى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ دېھقانلاردىن يىغىشقا تېگىشلىك تۈرلۈك سېلىقلارنى ئاشۇرۇپ يىغىپ، ھەر يىلى مۇكاپات ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزا شۇجىسى ھازىر پارتىيە مەكتەپكە ئۆگىنىشكە كەتتى، شۇڭا شۇجى قايتىپ كەلگۈچە

كۆتۈپ تۇرايلى!» دەپ يولغا سالدى.

ئابلاجان ئادەتتە ناھايىتى سەزگۈر بولغىنى بىلەن بۇ قېتىم كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ئۆزىمۇ تۇيۇپ تۇراتتى، ئۇ دائىم ئۆز - ئۆزىگە: «مەن كىمنى ئالدىدىم؟» دېگەن سو- ئالنى قويىدىغان بولۇپ قالدى. «قورققان يەردە جىن بار» دېگەندەك بۈگۈن ناھىيىدىن ئۇقتۇرۇش چىقىپ ئۇنى يەنە گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇقتۇرۇشتا ناھىيە بويىچە ئىستىل ياخشىلاش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلىدىغانلىقى، يىغىنغا توغراقلىق كەنتىنىڭ شۇجىسى توختى كاككۇكنىڭمۇ قاتنىشىپ، بۇ قېتىمقى پائالىيەت توغرىسىدا تەسىرات سۆز- لەيدىغانلىقى ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەنىدى. «ئىسىت! بىر يال- غانغا قىرىق يالغان» دېگەندەك بىر ئىش بولدى - دە، ئابلاجان ئاچچىقىدا ئىش شىرەسىگە مۇشلىۋەتتى. ئەمدى بۇ يالغانچىلىقتىن يېنىۋېلىشمۇ تەس ئىدى، شۇڭا ئۇ مەخمۇت شۇجى ئارقىلىق توختى كاككۇككا يەنە بىر قېتىم ئۇقتۇرۇش قىلدى.

توختى كاككۇك بۇ قېتىم ناھىيە بويىچە ئىستىل ياخ- شىلاش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنىدا ئۆزىنىڭ توغراقلىق كەنتىدە ئۆگىنىش تەربىيىسى پائالىيىتىنى قانداق قانات يايدۇرغانلىقى، كەنت بەنزە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىسىدە ھەل بولماي كېلىۋاتقان سىياسىي - نەزىرىيە جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلغانلىقى، خىزمەت ئىستىلىنى قانداق ياخشىلىغانلىقى توغرىسىدىكى خىزمەت تەجرىبىسىنى ناھايىتى كۆلكىلىك، يۇمۇرلۇق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ ناھىيىدىكى رادىئو - تېلېۋىزورلاردا توغراقلىق كەنتىنىڭ شۇجىسى توختى كاككۇك توغرىسىدىكى

خەۋەرلەر ئۆزۈلدۈرمەي بېرىلىشكە باشلىدى. بۇ خەۋەر ناھە-يىنىڭ باشقا جايلىرىغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمىگىنى بىلەن توغراقلىق كەنتى ئۇچۇن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدى-غان قىزىق مەسىلىگە ئايلاندى. بۇگۈن كۆۋرۈك بېشىغا يىغىلغان بىكار تەلەپلەر يەنە توختى كاككۇك توغرىسىدا ئاجا-يىپ - غارايىپ پاراڭلارنى سېلىشماقتا ئىدى.

— ھەي، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ مەخمۇت شۇجى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، توختى كاككۇك شۇجى بولۇپتۇ.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ قاراپ تۇرۇپ كەنتنى توختى كاك-كۇكقا تۇتقۇزۇپ قويسا قانداق بولىدۇ؟ بۇ يا پادا باقىدىغان ئىش بولمىسا.

— ھېلىغۇ توختى كاككۇككەن، بىر تال سۇپۇرگىنى باشلىق قىلىپ بەرسىمۇ «لەببەي» دەيدىغان خەق بىز.

— ھەي، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ توختى كاككۇك چوڭ يىغىندا سۆزلىگەندە ناھىيە باشلىقلىرى ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپتۇ، باشلىق ئۇنىڭدىن «بۇنىڭدىن كېيىن دېھقانلارنى قانداق بېيىتماقچى؟» دەپ سورىغانىكەن، توختى كاككۇك نېمىدەپ جاۋاب بېرىپتۇ بىلەمسىلەر؟

ھەممەيلەن «بىلمەيمىز» دەپ باش لىڭشىتىشتى.

— ھەي، شۇنىمۇ بىلمىدىڭلارمۇ؟ توختى كاككۇك «كەنتنىڭ شەرقىدىكى بوزۈۋېتىلگەن يايلاقنى ئەسلىگە كەل-تۈرۈپ، ئۇنى ئادەملەرنىڭ قولىدىن چارۋىلارغا قايتۇرۇپ بېرىمەن، ئۇنۇمسىز يەرلەرگە ئوت - چۆپ تېرىپ چارۋىچى-لىقنى تەرەققىي قىلدۇرىمەن» دېگەنىكەن، يىغىن سەھنىسى-دە چاۋاك دېگەن ياڭراپ كېتىپتۇ.

— ئۇ تېخى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا تېلېۋىزىيە مۇخبىرلى-

ـرىنىڭ ھېلىقى بىرنېمىسىگە...

— بىرنېمە ئەمەس، مىكروفون.

— ھەئە، شۇنداق بىرنېمىگە قاراپ تۇرۇپ نېمە دېدى بىلەمسىلەر؟! ئۇ: «كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ چىقىش يولى چارۋىچىلىق بىلەن باغ ئورمانچىلىقىدا، شۇڭا بىز كەنتتىكى دېھقانلارنى يېتەكلەپ ئانار، بادام، ئۈزۈم سالىمىز، ئۆچكە-چىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ناھىيە بازىرىنى ئوغلاق بىلەن تەمىنلەپ كىرىم قىلىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن تىۋىت سېتىپ كىرىم قىلىمىز» دېدى.

— ھەي، خېلى كاللىسى ئىشلەيدىغان كاككۇككەن جۇ-مۇ؟ — دېدى بىر چەتتە باشقىلارنىڭ گېپىگىمۇ ئارىلاشماي موخوركا يۆگەۋاتقان بىرى كىشىلەر تولۇقىغا يېقىنلىشىپ، — دېھقانلارنىڭ ساتقان يەل - يېمىش، چارۋىلىرىغا كەنتتىن سېلىق قويۇلمايدىكەن ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ باغ بىلەن چارۋىنىڭ بىرتۇتاش قىلىدىغان پەرۋىشىمۇ يوق دەڭلا.

— بۇ يەردە ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يىمەي، ئىشىمىزنى قىلىلى، بۇ كەنتتە يەنىلا مەن مەخمۇت شۇجى!

كۆۋرۈك بېشىدىكى كىشىلەر پاراڭلىرىنى توختىتىپ بىر - ئىككىدىن تارقىلىپ كېتىشتى. بىراق شۇنىڭدىن بېرى، كىشىلەر مەخمۇت شۇجىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سا-لىدىغان، ئىش تاپىلىسا بەجا كەلتۈرمەيدىغان بولۇشتى، ئۇ-نى ئاز دەپ ناھىيىدە ئىستىل ياخشىلاش گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنى بولسا، يۇقىرىدىن تەكشۈرۈش ئۆمىكى كەلسە توختى كاككۇكنى ئىزدەشەتتى، توختى كاككۇكنىڭ قارىسى كۆرۈ-نۈشى بىلەن تەڭ ھەممە ئادەم ئۇنى ئورۇۋېلىپ ئۇنى - بۇنى

سورىشاتتى. ئىشقىلىپ، كەنتتە مەخمۇت شۇجىنىڭ نوپۇزى بارا ـ بارا يوقاپ، توختى كاككۇكنىڭ ھۆرمىتى بارغانسېرى ئاشماقتا ئىدى.

بۈگۈن توختى كاككۇك يېزىلىق پارتكوم شۇجىسىنىڭ چاقىرتىشى بىلەن يېزىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ توغراقلىق كەنتكە شۇجى بولۇپ قېلىش جەريانىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى. ئۇ شۇجىمۇ ئۆلكىلىك پارتىيە مەكتىپىدىكى ئۆگىنىشنى تو-گىتىپ قايتىپ كەلگەن ئاخشىمى تېلېۋىزوردىن توختى كاك-كۇك ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆرۈپ گاڭگىراپ قالدى ۋە مۇئا-ۋىن شۇجى نازىگۇلنىڭ چۈشەندۈرۈشى، توختى كاككۇكنىڭ مۇخبىرنىڭ سوئالىغا بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ توختى كاك-كۇك بىلەن بىۋاستە سۆھبەتلىشىپ بېقىش خىيالىغا كەلگە-نىدى. شۇجى ئۇنىڭ بىلەن بىرەر سائەت پاراڭلاشقاندىن كېيىن:

— ھازىرچە كەنتكە قايتىپ ئىشلارغا ئارىلاشماي تۇ-رۇڭ، يىغىنلارغىمۇ بارماڭ، — دەپ يولغا سېلىۋەتتى ـ دە، نازىگۇل شۇجى ئەكىرىپ بەرگەن دوكلاتلار ئارىسىدىن ئابلا-جاننىڭ دوكلاتىنى سۇغۇر ۋۋېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. دوكلات-نى ئوقۇغانچە قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى چاقىناپ كېتەتتى...

توختى كاككۇك كەنت بوسۇغىسىغا كېلىشى بىلەن ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان مەخمۇت شۇجى ئۇنى چاقىرىپ كەنت ئىشخا-نىسىغا ئەكىرىپ كەتتى.

— ماڭا قارا، توختى كاككۇك، مەن ساڭا نېمە قىلغان؟!

— بۇ گەپنى مەن سىزدىن سورىسام بولىدۇ تېخى، مەن

سىزگە نېمە قىلغان؟!

— سەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى پاداڭنى باقماي، نېمە-دەپ شۆجى بولدۇم دەپ داۋراڭ سېلىپ يۈرۈيسەن؟!

— ئېيتىڭە، يۇقىرىغا سالام قىلىپ بېلى پۈكۈلىدى-غان، تۆۋەننى بېسىپ بوينى تالىدىغان بۇ خىزمەتكە مېنى خۇشتاركەن دەپ قالدىڭىزما؟! ئابلاجان يالۋۇرمىغان بول-سا، سىزمۇ مېنى ئىزدەپ ھەسەن زىبۇنىڭ ئۆيىگە كىرمە-گەن بولسىڭىز بۇنداق يالغان شۆجىلىقنى ئەسلا قىلماس ئىدىم، ئەمدى بۇنداق شۆجىلىقنى قىلمىدىم، مېنىڭ شۆجى بولماي پادامنى باققىنىم تۈزۈككەن.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە شۆجى ئىشخانىسىدىن گۇس - گۇس دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

بۈگۈن بىر ئاق رەڭلىك جىپ ماشىنا بۇ يەرگە ئۇچقان-دەك يېتىپ كەلدى، كەنتتىكى پارتىيە ئەزالىرىغا جىددىي يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا يېزىلىق پارتكومنىڭ شۆجىسى مەخمۇت شۆجىنىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى، ئور-نىغا باشقا شۆجى سايلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قارارنى ئوقۇپ ئۆتتى. زال ئىچىدىكى پارتىيە ئەزالىرى پارتكومنىڭ قارارىنى قوللاپ چاۋاك چېلىشتى. خۇددى مەخمۇت شۆجى-نىڭ يۈزىگە شاپىلاقلاشقاندەك، يىغىندا توختى كاككۇك ھېچقانداق تەشۋىقات - تەرغىباتسىزلا توغراقلىق كەنتىنىڭ شۆجىلىقىغا سايلاندى، يەنە چاۋاك چېلىندى. ئارىدىن بىرەر ئايچە ئۆتۈپ كەنتىنىڭ شەرقىدىكى بوزۇۋېتىلگەن يايلاق تە-رەپكە نۇرغۇنلىغان يەر ھەيدەش، ئورۇق سېلىش ماشىنىلى-رى گۈركىرىشىپ كىتىپ قېلىشتى، بۇ توختى كاككۇكنىڭ تەلىپى بويىچە ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى تەشكىللى-

گەن يايلاقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ماشىنىلاشقان خىزمەت گۇرۇپپىسى ئىدى.

يەنە بىر باھار يېتىپ كەلدى، كاككۇك سايرىدى، بۇرغا چېلىندى، چارۋىلار يايلاققا قاراپ يول ئالدى، توختى كاك-كۇك كاككۇكقا ئوخشاش قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازىنى بولۇ-شىغا قويۇۋېتىپ قاقاقلاپ كۈلدى.

# بېخىل

قاسىم شاڭجاڭ بۈگۈنكى يېزا بويىچە چاقىرىلغان مائا-
رىپقا ئىئانە توپلاش چوڭ يىغىنىنىڭ تەييارلىقىنى بىرقۇر
كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى
لىڭشىتتى - دە، يىغىنغا كېلىۋاتقان كىشىلەرگە نەزىرىنى
ئاغدۇردى. يېزا ئورگىنىدىكى مەيدان بىردەمدىلا ئادەم دېڭى-
زىغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇ شۇنچە سەپسېلىپمۇ ئادەملەر ئارى-
سىدىن دادىسىنى تاپالمىدى - دە، قارامتۇل چېھرىدە
غىل - پال كۈلكە جىلۋە قىلدى.

— ماڭا قارا، ئوغلۇم، سەن ھېزىم رەۋەندىنىڭ پۇش-
تى. قولۇڭنى بۇنداق كەينىڭگە تۇتۇپ يۈرمە. سۆلەتنىمۇ
بوشراق تۇزە... ھە، مېنىڭ كىيىملىرىمدىن سۆزلەۋاتام-
سەن، كىيىم قىلىپ بېرىش نىيىتىڭ بولسا پۇلنى قولۇمغا
بەر، بولمىسا ئالدىرىما، پۇل بۇزۇلىدۇ...

قاسىم شاڭجاڭ ئېغىر خۇرسىندى. چۈنكى، ئۇ دادىسى
ھەمىشە تەكرارلايدىغان بۇ سۆزلەردىن خالىي بولالمايتتى.
ئۇ يۇقىرىدىكى باشلىقلار ۋە خىزمەتداشلىرى ئالدىدا ئۇيىلىپ-
لا يۈرۈيدۇ. كىم دېسە، قاسىم شاڭجاڭنىڭ دادىسى دېگەن.
لېكىن قارىساڭ كىيىملىرى تىلەمچىنىڭكىدىنمۇ بەتتەر. ئا-
شۇ ئاقساقال بوۋاينىڭ نەزىرىدە پۇلدىن يۇقىرى نەرسە يوق.
يىلدا بىر كېلىدىغان ھېيت - بايراملاردىمۇ «نېمە قىلغىنىڭ

بۇ، يەيدىغان ـ ئىچىدىغىنى ئۆيدە تۇرسا بالىلارغا پۇل تۇتقۇزۇپ...» دەپ كايىۋاتقان... تۇۋا، دادام بۇنچە پىخسىقلىق قىلىپ پۇل يىغىپ نېمە قىلىدىغاندۇ، ئاخىرەتلىكىگە مەن بار ئەمەسمۇ!

قاسىم شاڭجاڭنىڭ چىگىش خىياللىرى ئۇزاق داۋاملاشمىدى. يىغىننى باشلاش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ سەھنىگە چىقىپ، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى، بۇنىڭ ئۈچۈن مائارىپنى قوللاش ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا قىسقا، مېغىزلىق قىلىپ سۆزلىدى ھەمدە ئۆزى ئىئانە قىلىشقا ئاتىغان مىڭ سوم پۇلنى چىقاردىيۇ، لېكىن توك سوقۇۋەتكەندەك تۇرۇپلا قالدى. پۇل تۇتقان قوللىرى بولسا تىنىمسىز تىترەيتتى. شۇ مىنۇتتا باياتىن بېرى كۆرۈنمىگەن دادىسى — ھېزىم بوۋاي تىترەۋاتقان ئاشۇ قوللارغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— دادا، سىز... سىزدىن خۇش بولاي، بۇگۈن كاشىلا قىلماڭ...

— نېمە؟ نېمىگە كاشىلا قىلغۇدەكمەن، — بوۋاي بىر خىل خاتىرجەم ھېسسىياتتا ئۇزۇن يەكتىكىنىڭ ئىچىدىن بىر كونا قاپاقنى ئالدى ـ دە، ئۇستەل ئۈستىگە قويدى. زەيلەپ چىرىپ كەتكەن قاپاق ئۇستەلگە تېگىش بىلەنلا يېرىلدى ـ دە، ئىچىدىن ئون سومدىن بىر تىيىنغىچە بولغان بىر كاللەك پۇل ئۇستەلگە يېيىلدى.

قاسىم شاڭجاڭ كۆزىگە ئىشەنمىگەن ھالدا پۇللارغا بىر پەس قاراپ تۇردى ـ دە، ھاياجان بىلەن دادىسىنى قۇچاقلىدى.

# قويلار مەرەيدۇ

كۈز — يېزا بويىچە چارۋىچىلىقتا داڭقى چىققان قۇمكۆل كەنتىدىكى چارۋىچىلىق كەسپى ئائىلىلىرى باققان يەرلىك قويلار سەمرىپ كۆزنىڭ يېغىنى يىگۈدەك بولغان چاغ، مۇشۇ كۈنلەردە بۇ كەنتتىكى داڭلىق كەسپي ئائىلە — جاپپار باققان قويلارنىڭ «دۇمبىسىدە تۇخۇم قويسا توختايدۇ» دېسە لاپ گەپ بولمايدۇ.

يېزا مەركىزىدىن قۇمكۆل كەنتىگە تۇتاشقان تاشيولدا توساتتىن بىرنەچچە كىچىك ماشىنا ۋە موتسىكلىتلىق مېھمانلارنىڭ قارىسى كۆرۈندى، يىراقتىن ماتور ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بېنزىن پۇرىقىنى ھىدلىغان قويلار بىرەر ۋەھىمىنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك، باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، قاتتىق مەرىشىپ، ئۆزلىرىنى قوتاننىڭ تاملىرىغا ئۇرۇشقا باشلىدى…

بىرپەستىن كېيىن جاپپارنىڭ قوي ئېغىلىدىن تۇغۇلغىنىغا يېرىم يىل بولغان ئىككى پاقلان، كەپتەرخانىسىدىن ئون - يىگىرمە باچكا ئېلىپ چىقىلدى؛ ئارقىدىن ھەر خىل تاماق، قورۇما، ئىچىملىكلەرنىڭ ھىدى ئەتراپقا تارقالدى… شۇنداق قىلىپ، باشقا قوي - قوزا، كەپتەر - باچكىلار ۋاقىتلىق ئەمىنلىككە ئېرىشتى. ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي، كەنتتە «جاپپار بوغالتىر بولغۇدەك» دېگەن گەپلەر

تارقالدى، كېيىن بۇ گەپلەر راستقا چىقتى.

ئەتىياز.

ھەممە ياقنى يېشىللىق قاپلىغان چاغ. قۇمكۆل كەنتىدىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى سازلىقتا يايلاۋاتقان كەنت بوغالتىرى جاپپارنىڭ قويلىرى توختىماي مەرىشىپ ئېغىلغا كىرىشكە ئالدىراپ قېلىشتى. چۈنكى، ئۇلار خېلى يىراقتا كېلىۋاتقان كىچىك ماشىنىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بېنزىن ھىدىنى پۇراپ قېلىشقانىدى. شۇ كۈنى كەچتە ئېغىلدىكى قويلار يەنە ئۈچ قېرىنداشىدىن ئايرىلدى...

ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي، كەنتتە «جاپپار مۇدىر بولغۇدەك» دېگەن گەپلەر تارقالدى. كىشىلەر تەئەججۇپلەندى... بۇ گەپمۇ ئاخىرى راستقا چىقتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قۇمكۆل كەنتىدىكى بارلىق قويلار ماتور ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بېنزىن ھىدىنى پۇراپ قالغان ھامان قاتتىق مەرىشىپ كېتىدىغان غەلىتە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئىلگىرى يالغۇز جاپپارنىڭ قويلىرىغىلا قازا كەلگەن بولسا، مانا ئەمدى باشقا كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ قويلىرىمۇ بۇ قازادىن قۇتۇلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

كۈز.

يېزىلىق پارتكومنىڭ يىغىن زالىدا مۇھىم بىر قارار ئوقۇلماقتا: «... يېزىلىق چارۋىچىلىق پونكىتىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئاجىز... يېزىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، قۇمكۆل كەنتىنىڭ مۇدىرى جاپپار چارۋىچىلىق پونكىتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى...»

يىغىن زالىدا بۇ قارار ئوقۇلۇۋاتقان چاغدا، پۈتكۈل يېزىدىكى قويلار كېلىشىۋالغاندەك تەڭلا مەرىشىپ كەتتى.

# مۇشۇك سېتىۋېلىش ئېلانى

مۇشۇ كۈنلەردە تېلېۋىزور كۆرۈشتىنمۇ بىزار بولدۇم. چۈنكى، قايسى قانالنى ئاچساڭ ئورۇقلىتىدىغان، جىنسىي ئاجىزلىققا شىپا بولىدىغان «بارنى قۇۋۋەتلەيدىغان، يوقى بىلەن كارى بولمايدىغان» دورا ئېلانلىرى... خۇددى يۇرتىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغاندەك...

دوقمۇشقا چايخانا ئاچقان ھوشۇر كاپكاپنىڭ ئېيتىشىچە، مەيخورلۇق، بوۋاسىر، مەزى بېزى يوغىناش، بۆرەك ئاجىزلىق، جىنسىي ئاجىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەر يۇرتىمىزغا «ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش» يوچۇقىدىن پايدىلىنىپ كىرگەنمىش. شۇڭا ھاراق زاۋۇتلىرىدىن تارتىپ دورا زاۋۇتلىرىغىچە يۇرتىمىزغا كېلىپ تىجارەت قىلىۋېتىپتۇدەك. ئۇلارنىڭ پايدىسىغا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىمۇ شېرىك بولغاچقا، مۇشۇنداق ئېلانلارنى تەكرار ـ تەكرار كۆرسىتىشنى ھۆددىگە ئالغانمىش... بۇغۇ بىر ئەپقاچتى گەپ. لېكىن، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ تۈرى كۆپەيمىگىنى بىلەن تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلىۋاتقان ئېلانلارنىڭ رەڭدارلىقىغا گەپ توغرا كەلمەيدۇ. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا پۇل بەرسىلا ھەرقانداق ئېلاننى بېرىۋېرىدىغان ئوخشايدۇ. ئىشەنمىسىڭىز دىكتورنىڭ يېقىملىق ئاۋازىغا قۇلاق سېلىڭ: «ئېلان: يۇر-

تىمىزنىڭ قوْمباش يېزىسىدىكى ئالدىن بېيىغان دېھقان موْ-
ھەممەت سىيىت مەتتوْردى سوْپوْرگە سوْلتان پاشا بازارغا
يوْزلىنىپ، ئېشەك يۆتكەش سودىسى قىلغان بولوْپ، بوْ
قېتىم ئوْ ئەللىك ئېشەكنى ماشىنىغا بېسىپ ماڭغاندا سانسا-
كوْ ئەتراپىدا بىر ئېشەك ماشىنىدىن چوْشوْپ قېچىپ كەت-
كەن، ئىگىسىنىڭ ئېيتىشىچە، بوْ ئېشەك يوْرتىمىزغا كېلە-
ۋالغانمىش، شوْڭا بوْ كاساپەت ئېشەكنى ئوْچراتقوْچىلارنىڭ
ئىستانسىمىزغا خەۋەر قىلىپ قويوْشىنى ئوْمىد قىلىمىز،
خەۋەر قىلغوْچىغا ئوْچ يوْز يوْەن سۆيوْنچە بېرىلىدوْ.»
ئارىدىن ھەپتە ئۆتوْپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكى موْخ-
بىر ئاغىنەمدىن ئوْقوْشسام، ئېلان بېرىلگەن كوْندىن باشلاپ
نوْرغوْن دېھقانلار تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئېشەك ئېلىپ
كەلگەنمىش. ھېلىقى ئېشەك سودىگىرى يىتتوْروْۋەتكەن ئې-
شەكنى تاپالمىغان بولسىمۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئايىغى
ئوْزوْلمەي كېلىۋاتقان ئېشەكلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېلىپ
ئىچكىرىگە يۆتكەپ كەتكەنمىش...
كېيىنچە، بىرتوقاي ئېلانلارنىڭ قاتارىغا «ئوغرى موْ-
شوْك» ماركىلىق چاشقان دورىسىنىڭ ئېلانىمۇ قوشوْلدى.
تېخى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى ھەرقاي-
سى ئىدارە، جەمئىيەت، يېزا - بازارلارنىڭ چاشقان دورى-
سىنى تەشكىللىك ئاساستا سېتىۋېلىشىنى تەۋسىيە قىلدى.
چاشقاننىغۇ يوقىتىش كېرەك، بىراق چاشقانلارنى دورا
بېرىپ ئۆلتوْروْۋەتسەك، موْشوْكلەر نېمە يەيدوْ؟
چاشقان دورىسىنىڭ ئېلانى تېلېۋىزوردا قانداق تېز پەيدا
بولغان بولسا شوْنداق تېز غايىب بولدى. بىراق، ئوْزوْن
ئۆتمەيلا موْشوْكلەرگە ۋابا تېگىپ ئۆلگىلى توْردى. كېيىن

ئۇقۇشساق، بۇ مۇشۇكلەر دورا يەپ زەھەرلەنگەن چاشقانلارنى ئاچ پاقىلىق قىلىپ يەۋېرىپ زەھەرلىنىپ ئۆلگەنىكەن. ھەش - پەش دېگۈچە يۇرتىمىزدا بىر مەھەللىدە بىرەر مۇ-شۇكمۇ تېپىلماس بولۇپ كەتتى. تېلېۋىزوردىمۇ دىكتورلار مۇشۇك سېتىۋېلىش ئېلانىنى كۈنىگە ئۈچ - تۆت قېتىم تەكرارلايدىغان بولۇۋالدى. قايسىبىر شىركەت مۇشۇكلەرنى يۇقىرى باھادا سېتىۋالماقچى بوپتۇ، نەتىجىدە مال بازىرىدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان مۇشۇك بازىرى پەيدا بولدى. تۆ-مۈر قەپەسلەرگە سولانغان مۇشۇكلەر ئالىتاغىل چىرقىرد-شىپ بازارنى بېشىغا كىيەتتى. بىر مۇشۇك بىر قوينىڭ پۇلىغا سېتىلاتتى. ھەتتا مۇشۇكلەر قوي - كالىلارغا باشمۇ باش ئالماشتۇرۇلىدىغان بولدى. مۇشۇكلەر ئاز بول-غاچقا بازارغا كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى چالا قويماي سېتىلىپ كېتەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي، يۇرتىمىزدا يەنە چاشقان ئاپتى يۇز بەردى. جاي - جايلاردا بەس - بەس بىلەن چاشقانلارنى يوقىتىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلدى. ئارقىدىنلا تېلېۋى-زوردا يەنە «ئوغرى مۇشۇك» ماركىلىق دورىلارنىڭ ئېلانى قايناپ كەتتى. مەنمۇ بۇ دورىدىن سېتىۋېلىپ ئۆيگە چاچ-تىم، ئۇنۇمى ياخشى بولدى. چاچقان كۈنىلا ئۆيدىن سەككىز - ئون چاشقاننىڭ ئۆلۈكىنى تاپتۇق. لېكىن ئىككى كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا يەنە چاشقان پەيدا بولدى. دورىنى زېرىكمەي چېچىۋەردىم، چاشقانلارمۇ ئۆلۈۋەردى. ئارقىدىنلا يەنە پەيدا بولىۋەردى. كېيىنكى چاشقانلار تېخىمۇ قاشاڭ ۋە قارنى يامان ئىدى. تېلېۋىزوردا «ئوغرى مۇشۇك ئېلانى»… ئۆيدە يەنە چاشقان…

دوقمۇشقا چايخانا ئاچقان ھوشۇر كاپكاپنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر پەيدا بولغان چاشقانلار ئىلگىرىكى يەرلىك چاشقانلارغا ئوخشىماسمىش، بۇ رەڭگارەڭ چاشقانلار تۇنجى ئەجدادى توڭگۇز[1] دىنمۇ يامانمىش. ئۇلار بەشتىن، ئوندىن بولۇپ بىرلىشىۋالسا، قوي، كالا، ھەتتا ئادەمنىمۇ يەۋېتەرمىش…

ھوشۇر كاپكاپنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ياقىمىزنى تۇتۇشۇپ ساراسىمىگە چۈشتۇق، بۇمۇ بىر ئەپقاچتى گەپ بولۇپ چىققاي ئىلاھىم!

① رىۋايەت قىلىنىشىچە، چاشقان توڭگۇزنىڭ بورنىدىن چۈشكەنمىش.

图书在版编目(CIP)数据

托合提卡库可/努尔买买提·著.－乌鲁木齐：
新疆青少年出版社，2006.4
ISBN 7－5371－5345－0

Ⅰ.托… Ⅱ.努… Ⅲ.①中篇小说－作品集－中国－
当代－维吾尔语（中国少数民族语言）②短篇小说－
作品集－中国－当代－ 维吾尔语
（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2005)第154259号

责任编辑：再娜甫·穆沙
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

托合提卡库可(维吾尔文)
(中篇和短篇小说集)
努尔买买提·阿尤甫 著

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001)
新疆新华书店发行
新疆宏图印务有限责任公司印刷
787×1092毫米 32开本 4.25印张
2006年4月第1版 2006年4月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN7－5371－5345－0 定价：5.50元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

# توختى كاككۇك

ISBN 7-5371-5345-0

9 787537 153454 >

ISBN7-5371-5345-0
(民文)　定价:5.50 元